# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

2

1993





جەلەۆە

( مەتتوختی بارات فوتوسی )

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

2
1993

(ئون تۆتىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 70 ـ سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش مۇھەررىر: مىجىت باقى    مەسئۇل مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بوستاندا

چەت ئەلگە چىقىش نومۇرى: ISSN1002—929X

## ھېكايىلەر


شامەشرەپ خوتەندە ........ نۇرمۇھەممەت توختى 1
شۇ ئاددىي ئادەم ........ يۈسۈپ توختى 39
بوۋاي ۋە دېڭىز ........ مەتسابىر روزى 49
پىلمىيوشكىن I ........ ئازادجان روزى 52
ھارام ........ ئېزىز ئىمىن 54
كونا تېلېفون ........ ئالىمجان رىجەپ 65
ئالتۇن بىلەزۈك ........ زۇلپىيە ھاجى 76


## نەسىرلەر


ھايات ........ دىلنۇر ئابلىز 77
ئۈمىد ........ ئۆركىشى 88


## ئەكس سادا


خانىم يىغالمىدى ........ ( ئوبزور ) ........ ئىدرىس رۇسۇل 89


## شېئىرلار


نۇرلۇق يول ........ ( لىرىك داستان ) ........ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 32
ئۈچمەس سادالار ........ ئابدۇلئەھەد قادىرى 35
يىگىت ........ ئامانجان تۇرسۇن 37
تۈنلەر ئويغاق، تۇيغۇلار ئويغاق ........ گۈلئەنبەر يۈسۈپ 37
پادىچى بالا ناخشىسى ........ ئەخمەتجان تۇرۇپ 38
يوقاقۇن بۈركۈتى ........ ئابدۇغېنى سېيىت 57
كۈلكۈن تىنىقلار ........ تۇراپ دايىم 59
يۇرتۇم يوللىرى ........ مەتتۇرسۇن ھەسەن 60
لىرىكىلار ........ مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى 60
خىيالىمنى قارىغا ئورىسام ........ ئەسقەر مەتقۇربان 61
ئىككى شېئىر ........ غوجىئابدۇللا ناسىر 62
شېئىرلار ........ توختىتۆمۈر روزىنىياز 91
ئەسسالام، خوتەن ........ سۇلايمان ھوشۇر 92
ئالماشقان سۆيگۈ ........ مەتقۇربان مەتروزى 92
پايانلاردا قالغان ئىزلار ........ مەتقۇربان ئىسمايىل 93
كەل يۇلتۇزۇم ........ مۇتەللىپ سەيپۇللا 94
تەلپۈنۈش ........ ئابدۇكېرىم ھاپىز 94
پەزىلەت ناخشىسى ........ يالقۇن ئۆمەر 94


## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن


ئاباباينىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ........ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن 95


(بوستاندىكى ھۆسنخەت، ئىستۇرما رەسىملەرنى ھەبىبۇللا ھەسەن يازغان ۋە ئىشلىگەن)




**نۇر مۇھەممەت توختى**

بۇنىڭدىن ئۈچيۈز يىگىرمە يىل ئىلگىرى، ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتەك پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تەكلىماكان قۇملۇ-قى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى تۇتىشىپ كەت-كەن ئەگرى- بۈگرى سىزىق ئۈستىدىكى سايدا ، كۆك ئېشەككە مىنگەن بىر ئادەم شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدى-كى يۈك ئاز ئەمەس ئىدى. ئىككى يېنىغا ئېمىلەردۇ قاچىلانغان جاۋاخورجۇن، خور-جۇن ئۈستىدە ئادەم ، ئادەمنىڭ ئارقىسى-دا قاردەك ئاق ، قارا تۇمشۇقلۇق يەككە غاز قونۇپ ئولتۇراتتى . خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سېرىق تاماكا چېكىشكىمۇ، نەشە چېكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قاپاق چىلىم، يەنە بىر تەرىپىگە سۇ قاچىلانغان قاپاق ئاغانجۇغىلانغانىدى. قولىغا ئۇزۇن دەس-تىلىك تەمبۇرنى تىك تۇتۇۋالغان ، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان قوپال جەندىگە چىڭ ئوروۋالغان ، ئېگىز كۇلاسىنى باستۇرۇپ كىيگەن بۇ ئادەم چوڭقۇر خىياللارغا پات-قاندەك كۆرۈنەتتى. ئېشەك ھالسىز قەدەم-لەر بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ باراتتى . پات - پات قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، سال-پاڭ قۇلاقلىرىنى پالاقلىتىپ، ئالدى- ئار-قىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆكقۇيۇنلەرنى قورۇيتتى . لېكىن قاشاڭ كۆكقۇيۇنلەر ئۇ-نى ئۈنچىۋىلا ئوڭاي تاشلاپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . بىرى قاچسا يەنە بىرى كېلەتتى . ئۇلار ئاشۇنداق قىلىپ ئېشەك-نىڭ پاچاقلىرىغا ، كۆتىگە، چات ئارىلى-قىغا يېپىشتى . تۇمشۇقىغا ، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، نەشتىرىنى بىمالال سانى-

جىدى. ئازابقا چىدىمىغان ئېشەك بىردىن بېشىنى ئېچىگە تىقىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يورغىلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ يورغىلىشىدا بۇرنىغا، كالپۇكلىرىغا قونۇۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى يەرگە سۈرۈپ توپىغا مىلەپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، بىر قارىسا كۆك چىۋىنگە، بىر قارىسا غوك - غوك ھەرىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ جانىۋارلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ بۇرنى ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. ئېشەك قاتتىق پۇشقۇرۇپمۇ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۈركەپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. نەشتەر ئازابى ئۇنى قىينايتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئېشەك يورغىلاپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆزىنى گۈپپىدە يەرگە تاشلاپ، تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى ...

ئۈستىدىكى ئادەم ئېشەكنىڭ بويىنىدىن ئېشىپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى. نەگىدۇر قاڭقىپ كەتكەن تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن تىترىگەن ئاۋاز چىقتى. غازلار قاناتلىرىنى كېرىپ، مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قالغان، ئۇ تېخىچە تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدە قونۇپ ئولتۇراتتى ...

يىقىلغان ئادەم كېلەڭسىز جەندىسىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردىدە، ئەلەم بىلەن ئېشەككە قارىدى. ئېشەك پۇشقۇرۇپ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۈرۈپ تىپىچەكلەيتتى. ئاپئاق تۇمشۇقلىرىغا قۇم دانىچىلىرى يېپىشقانىدى، ئۇنىڭ ئىگىسى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. نەدىندۇر بىر تال قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن چىۋىقىنى تېپىپ، ئېشەكنىڭ بۇرنىنى كوچىلىدى، خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئىككى دانە كۆكۈيۈننىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ چىقاردى. ئېشەك پۇشقۇرۇشتىن تىنچىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن يەنىلا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئارقا پۇتلىرىغا، چات ئارىلىقىغا ئۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. جەندە كىيگەن ئادەم ئېشەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يەنە كۆكۈيۈنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئېشەكنىڭ پاچاقلىرىغا يېپىشىۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئارقىدىن يەرگە تىزلىنىپ ئېشەكنىڭ قورسىقىغا، چات ئارىلىقىغا نەزەر سالدى، ئاشۇ تومپىيىپ تۇرغان ھاياسىز يەرگە بىرقانچە كۆكۈيۈن مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. ئۇ يۇلغۇن چىۋىق بىلەن كۆكۈيۈننى ۋاسىلدىتىپ سالدى. چىۋىق كۆكۈيۈنگىمۇ، ئاشۇ ھاياسىز يەرگىمۇ تەگدى. ئېشەك بىردىن چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتى ۋە خېلى يىراقتا توختاپ، بېشىنى بۇراپ ئىگىسىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلدى...

جەندىلىك ئادەم تىزلانغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە چوڭقۇر خىياللار ۋەجىدىن ئۇنتۇلغان ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل يارىسى يەنە يادىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تارامىلىغان ئاچچىق ياش ساقال-بۇرۇت باسقان سۇرلۇك يۈزىنى بويلاپ سەلدەك ئاقتى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوردىدىكى ئاشۇ چىرايلىق دېدەكنىڭ گۈزەل سىماسى يەنە گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان تامغىنىڭ شەھۋەت تومۇرىغا ۋاژىلدىتىپ بېسىلغانلىقى ئازاب نېرۋىلىرىنى قاقشىتىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئازابلا قالغانىدى ... جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىچە نادامەت ياشلىرى قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپ دەمداردەك بۇقۇلداپ، كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، بەھرى ئەزىمدىكى كىتتەك سوزۇپ-سوزۇپ يىغلىدى. قۇم تۇپراققا پۈچىلىنىپ زېمىنغا، قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ ئاسمانغا نالە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى نالە-پەريادىنى ھېچنېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاھۇ كېيىكمۇ، جۈپتىدىن ئايرىلغان شىر-يولۋاسمۇ بۇنداق مۇڭلۇق، بۇنداق ئاچچىق پەرياد كۆتۈرەلمەيتتى. جۈپتىغا ئوق تەگكەن ئاققۇنىڭ قىچقىرىقلىرىمۇ، زەينەپتىن ئاي-

رىلغان كاككۇكنىڭ ئىبداسىمۇ ئۇنىڭ ئازابىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئىنسان ئوغلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابى ئۈچۈن يىغلايتتى. يوق قىلىنغان، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن، نابۇت قىلىنغان ئەرلىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئۈچۈن، خاراب قىلىنغان ئۆمرى ئۈچۈن يىغلايتتى...

ئۇنىڭ نالە-پەريادى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇ گويا ئاشۇ نالە-پەريادلار ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، بۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ئاخىرقى نەپەسلىرىدەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئۇيەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى ئۇ ئاشۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دەسلەپكى ئايلار قەلبىگە پۈككەن پىكىر ۋە نىيەت ئورنىدىن تۇرغۇزغانىدى. ئۇ جانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۆز تېنىگە قويۇپ قويغان خۇدانىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ يەنە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىچكى ئىلاجىلىقتا بېرىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ پۈتۈنكائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بارلىقىغا، ئۆزىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ، ۋۇجۇدى مۇتلەقتە ئۆزىنىڭ روھىي قارارتاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇيەنە ئۆزى ئۈچۈن، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولاتتى... ئەنە شۇنىيەت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ كۆك ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاپاق چىلىمنى ئېلىپ، قاپقارا نەشىنى باستى. چاقماق تاش بىلەن پولات بىلەيىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئوت چىقىرىپ، توغراقنىڭ پورىغا تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى پۈۋلەپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا — نەشىنىڭ ئۈستىگە قويدى. قېنىپ-قېنىپ شورىدى. تېزلا مەست بولۇپ ئالەمنى، ئۆزىنى، دەرد-ئەلەملىرىنى ئۇنتۇدى...

ئۇ ئەمدى يەنە كۆك ئېشەكنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغان بوستانلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھەممە نېمىنى ئۇنتۇغانىدى، قولىدىكى تەمبۇرىنى تىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ زىل ساداغا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ غايىب ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك قۇلاق سالاتتى. تەمبۇرنىڭ تىرىڭلىغان ئاۋازى ئاستا-ئاستا رىتىمغا چۈشتى. مۇڭلۇق، غېرىب، سېھىرلىك سادا ساي ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئاشۇ ساداغا جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ بوم ئاۋازى تەڭكەش بولدى:

مۇرادىڭغا يېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول،
ستەم ئەھلىن يوتاي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
ئېغىزدىن كۆپىر ساچاي دېسەڭ، شارابى دەھەر ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
پەساد ئەھلىن قوۋاي دېسەڭ، كېتىگە بىر تېپەي دېسەڭ،
كېپەن تونىن پىچاي دېسەڭ قەلەندەز بول - قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، سېھرى زوھىد پاش ئېتەي دېسەڭ،
ھەق يولىنى تۇتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول - قەلەندەر بول.

........................................................................

........................................................................

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەلەندەرلىك يولىغا
چۈشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە قە-
لەندەرىيە تەرىقىتىگە ئاجايىپ مەيىل
كىرگۈزدى ۋە ئۆچمەس نام قالدۇردى.
لېكىن ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەنـ
دىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم
قۇم - تۇپراققا مىلىنىپ پەلەككە، زېمىنـ
غا نالە قىلغان كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالـ
مىدى. بىر - بىرىگە سۆزلەپ، ھېكايە،
رىۋايەت قىلىپ يۈرۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا
رەسىم قىلىپ سىزىپ قالدۇرۇشتى.

× ×

قەلەندەر «قۇم رابات» تىن ئۆتۈپ،
خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن، بىر كۈنى
كەچكە يېقىن قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېـ
تىپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل يول بىلەن ماڭـ
ماي ھېلى جەنۇبقا — قاراقۇرۇم تەرەپكە،
ھېلى شىمالغا — تەكلىماكان تەرەپكە
يۈرۈپ، كۆجۈم مەھەللىلەرنى قانىغىچە
سەيلە قىلغانىدى. ئۇ شۇ ئارىدا «ئىماـ
مى ئەپتەر» نىڭ بېشىغا، «باغدات پاشـ
شايىم» غا، «ئىمامى ئەسكەر» گە يولۇـ
قۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ
يۈرەتتى. تال- بوستانلىق ھويلىلار، مەجـ
نۇنتال سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلار،
قوغۇن ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان
كۈزلەكلەر ئۇنىڭغا ياققان، ئىشچان، چىنـ
دامىلىق، ئەقىللىق، مېھماندوست كىشىلەر
ۋە گۈزەل - ھايالىق قىزلار ئۇنى مەھلىـ
يا قىلغانىدى. ئۇ قاراقاش كىشىلىرىنىڭ
ئوخشاش قاراقاش، قاراكۆز، قارا كوكۇلـ
لۇق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، قاـ
راقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆـ
زىنى ئورىۋالغان كىشىلەر ئالدىدا، تەمـ
بۇرىنى سايرىتىپ ئاشۇ تەسىراتىنى قوشاق
قىلىپ قاتتى:

قارا- قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قاراقاشنىڭ بازىرىدا ساتساڭچۇ مېنى،
قاراقاشنىڭ بازىرىدا ئۆتمىسەم ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

بازاردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغـ
دۇرۇپ بارىدىكاللا ئېيتىشتى. كوللاسىغا تەڭـ
گە - تىيىنلارنى جارائىلىتىپ تاشلاشتى.
قەلەندەر رەت قىلمىدى، لېكىن ئاخىرىدا
ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانـ
لىرىنى بالىلارغا چاچقۇ - مارجان قىلىپ
تاشلاپ بەردى-دە، كېتىپ قالدى. ئۇ «يىپ
بازىرى» دىن ئۆتۈپ «كالا بازىرى» نىڭ
يېنىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭجامۇ
قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق ئاـ
دەم ئىدى. ئۇ جۇلدۇر كىيىمىپەن، مېيـ
نەت قەلەندەرنىڭ قولىدىكى تەمبۇرىنى
كۆرۈپ، يىركەنمەستىن كۈتۈۋالدى، قولىـ
دىن كۆك ئېشەكنىڭ نېزگىنىنى ئالدى،
ھۆرمەت بىلەن ھوجرىغا باشلىدى.

— يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالامدىلىكىن،
سوپۇم؟

— ياق، ھاجىتى يوق.

— نامازشام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، تەـ
رەت ئالامدىلىكىن سوپۇم؟

— مەن نامازئۆتمەيدىغان جوھۇتمەن.

دەڭجا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇـ
نىڭ قارا قوشۇما قاشلىرى ھېمىرىلىپ،
قارا كۆزلىرىنىڭ قاراقاشتەك قارىسى قەـ
لەندەرگە قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ بىر ھاـ
زادىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن سوپۇم؟

قەلەندەر ئۇندىمەستىن قولىنى قويىنىـ
غا سالدى ۋە بىر تەڭگىنى ئېلىپ دەڭجاـ
نىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز،
غېزىمغا دان ئەپكەل!

دەڭجا ئېڭىشىپ تەڭگىنى

يەردىن ئالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھوجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يوغانلىقى چوڭ كوزىدەك كېلىدىغان بىر كۆكچى قوغۇننى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. قوغۇن شۇنچىلىك ئۇز تورلاشقان ئىدىكى، گويا ئاشۇ قاراقاشلىق نەققاشلار ئاتايىتەن نەقىش چېكىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. قەلەندەر چېھرىدىن ئالىقاندىكى مەمنۇنلۇقىنى جۇلالىتىپ قوغۇننى پىچتى، ھوجرا ئىچىنى قوغۇننىڭ خۇش ھىدى گۇپپىدە قاپلىدى. پۇرىقىدىنلا ئۇنىڭ تەمى بىلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر قوغۇننى ئىككى كاسلاپ، ئۇرۇقىنى ئېلىپ غازىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىككى كاسا قوغۇننى ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ يېدى. ئاخىرىدا شاپىقىنى ئۇششاق توغراپ كۆك ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ، ئوقۇرنىڭ ئالدىدا، كۆك ئېشەكنىڭ غورۇسلىتىپ شاپاق چاينىشىغا قاراپ تۇردى. ئېشەك شاپاقنى يەپ بولۇپ، يوغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا تىككەندە، قەلەندەر ئاندىن ئاشۇ ئوقۇر ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈردى. دەك ھويلىسىدىن كۆز سېلىپ تۇرغان دەگجا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى، قەلەندەرمۇ دەگجانى كۆرگەنىدى، ئۇ ئۇزۇن نەپەس قىسقىغىنا دۇئا قىلدى...

ئۇنىڭ كىمگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. لېكىن ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ دۇئانى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا قاراقاشلىقلارنىڭ شەنىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، «ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن» دەپ دۇئايى - سېھىر قىلغان، شۇڭا قاراقاشلىقلار ئەقىللىق كېلىدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەۋلىيا «قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى بولۇپ كەتكەي!» دەپ دۇئا قىلغانىمىش. باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ چىشى يىگىرمە سەككىزدىن ئوتتۇز تالغىچە بولسا، قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى دانە بولۇشىدىكى، رىسقىنىڭمۇ چىشىغا ئوخشاشلا كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنەشۇ دۇئايى - كارامەتتە ئىمىش.

ئەپسۇسكى، قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق دەگجا ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، قەلەندەر دەگدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. ھوجرىدىكى سۇپىدا تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر تەڭگە تاشلىنىپ تۇراتتى...

× ×

قەلەندەر قاراقاش دەرياسىدىكى كەلگۈنىنىڭ بىر كۈنلۈك پەسىيىش ۋاقتىنى سەھەرنى تاللاپ، كىمدۇر بىرى كۆرسىتىپ قويغان كېچىك ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئېشەكنى يېتىلەپ دەريادىن كېچىۋېتىپ سۇ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان مۇشتۇمدەك قارا قاشتېشىنى سۈزۈۋېلىپ خورجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ پايانسىز كەڭلىكتە يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريادىن چىقىپ قۇما① دېگەن كەنتتە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چاقار② دېگەن يەردە دەريا قىرغىقىدىكى مەغپىر مازارنى سەيلە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرىقتۆي③، يورۇشقە④، تايتاق⑤، شاخلىق⑥، لايقا⑦ ئارقىلىق سەھۋالىمغا چىقىپ، «كۆھمارىم»نى

①② خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسى تەۋەسىدىكى كەنت نامى.

③④⑤⑥⑦ خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا - كەنت ناملىرى.

كۆزدىن كەچۇردى. ئۇ يەردىن كەيىنگە
يېنىپ، داكوي، بۇزاقلار ئارقىلىق «ئىـ
مامى مۇسا كازىم» مازىرىغا كېلىپ، نەـ
شىنى بولۇشچە چېكىپ، ئۈچ كۈن ئۇخلىـ
دى. ئۆزىنىڭ كۇپرانە سۆز ـ قىلىقلىرى
بىلەن شەيخنى هەيران قالدۇرۇپ، ئـۇ
يەردىنمۇ يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇچـ
رىغان ئادەملەردىن ئېيملەرنىڭ شوراپ
باراتتى. مازارلارنىڭ ئورنىنى، يولىنى،
ئۆزىنى قوندۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئالـ
لىقانداق شەخسىيلەرنىڭ ئۆي ـ قورۇلىـ
رىنى ئېنىقلايتتى. سەهرا كىشىلىرى تـوـ
لىمۇ ياۋاش ۋە قىزغىن ئىدى، سورالغان
سوئاللىغا هەقداىدىغا يەتكۈزۈپ هۆرمەت بىـ
لەن جاۋاب بېرەتتى، هەتتا تېخىمۇ ئىزـ
زەت كۆرسىتىپ، سورالغان يەر ۋە ئـىزـ
لىگەن ئۆيگىچە باشلاپ ئاپىرىپ قوياتتى.
ئاشۇ مۇنبەت، گۈزەل يېزىلارنـى ئايلىـ
نىپ يۇرۇپ، قەلەندەر تـال ـ ئـۈزۈملۈك
باغلاردا، قوغۇن ـ تاۋۇزلۇقلاردا مېهمان
بولدى. ئۇنىڭ كۆك ئېشىكى غۇرۇسلىتىپ
شاپاق چاينايتتى، غېزى قوغۇن ئۇرۇقىنى
لەززەتلىنىپ يۇتاتتى. ئـۈزۈن دەستىلىك
تەمبۇرى بولسا رەهمەت ـ هەشقاللا پەـ
دىسىدە يېڭى ـ يېڭى كۈيلەرگە تىرىڭلايتـ
تى... قەلەندەر قاراقاشتىن چىقىـپ ئون
كۈنلەردىن كېيىن جەنۇب تەرەپتىن ــ قاچـ
چى، قارامەت، تۇسالا، گازۇن دېگەن يەرـ
لەردىن ئۆتۈپ، «گۇرجـان دەرۋازىـسى»
ئارقىلىق خوتەن شەهىرى ــ ئىلچىگە كىـ
رىپ كەلدى. قەدىمكى شەهەر پاكار ـ پاـ
كار ۋە غۇجمەك ياغاچ ئۆيلىرى ئارقىلىق
كىشىگە خـۇددى ئاستا ـ ئاستا يەرگە كىـ
رىپ كېتىۋاتقاندەك تـەسىرات بېرەتتـى.
قەلەندەر ئىلچىنىڭ كوچىلىرىدا يـول سوـ
راپ، دەڭ ـ قونالغۇ ئىزدەپ ئۇزۇنغىچە
تىمىسقىلاپ يۇردى. بۇ يەرنىڭ سەهـراـ
يېزىلىرىدىمۇ، شەهەر ـ بازارلىرىدىمۇ كىـ
شىلەرنىڭ «ر» تاۋۇشىنى زادىلا تـەلەپـ
پۇز قىلالمايدىغانلىقىنى، «ر» نـىڭ ئورـ
نىغا «ي» نى ئىشلىتىدىغانلىقىنـى هـېس
قىلدى. ئۇلار يەنە جۈملىنىڭ ئـاخىرىغـا
غەلىتە قىلىپ «يا» نى قوشۇۋالاتتى. دىقـ
قەت بىلەن قۇلاق سېلـىپ تەسەۋۋۇر ئارـ
قىلىق ئاڭقىرمىـسا كېپىنى ئۇققىلى بولـ
مايتتى. قەلەندەر تىلىدا «ر» تاۋۇشى بولـ
مىغان قەدىمكى ساكلارنى يادىغا ئېلىپ:
«ئېھ ساكلار، ئېھ ساكـلار، بويسۇندۇرۇلـ
غىنىڭلارغا سەككىز يۈز يىلدىن ئاشتى. تېـ
خىچە ‹ر›نى ئۆگىنەلمەپسىلەرـــدە...» دەپ
ئويلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قـوشۇۋېلىنغان
قەدىمكى مىللەتنىڭ ئاخىرقـى قارشىلىق
كۆچىگە بولغان قايىللىق ئىگىلىگەنىدى...
قەلەندەر ئاشۇ تەسىراتلىرىنـى مـۇجەسـ
سەملەپ، ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا تـەمـ
بۇرنى تۇنجى قېتىم سايراتتـى، كىشىلـەر
ئۇنىڭ چۆرىسىگە گۇررىدە ئـولاشتـى. ئۇ
قەدىمكى ساكلارنىڭ «يا» قوشۇمچىسىنـى
رادىق قىلىپ بىر غەزەل تەڭكەش قىلدى.
ئۇ شۇ تۇرقىدا خـۇددى خوتەنلىكلەرنى دوـ
راۋاتقان يات يـۇرتلۇق هەزىلكەشكە ئوخـ
شايتتى:

شۇكرى لىللاه غەمگۇزارىم كەلدى ـيا،
غەمدە قويغان گۈلئۇزارىم كەلدى ـيا.
جەلۋىسىنى كۆرسىتىپ زاهىر دەئەلگە رەڭبەـ
رەڭ،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلـفىكارىم
كەلدى ـيا.
نېچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۈم خوتەن
سـەهراسىدا،
جەئفىرى سادىق ئىمام قۇتـبى زامانىم
كەلدي ـيا.

مەشرەبنىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر، داد ئېتىپ يارنى ئىزدەپ كەلدى - يا.

كىشىلەر غەزەلنى تولۇق چۈشىنىشكەنىدى. ئالقىش ياڭرىتىپ بارىكاللا ئېيتىشتى. تەڭگە - تىيىنلار قەلەندەرنىڭ كولاسىغا جىرىڭلاپ چۈشتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانلىرىنى بالىلارغا چاچقۇ مارجان قىلىپ كېتىپ قالدى...

قەلەندەر نېمىشقىدۇر «قەلەندەرخانا»غا ئەمەس، گوللۇغ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭچا قىزغىنلىق بىلەن كۆك ئېشەكنىڭ چولۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. «دەيۋىشىمىكىن دېسەم تەمبۇيى كۆتىيۋاپتۇ، نەغمىچىمىكىن دېسەم جەندە-كولاھ كىيىۋاپتۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە. لېكىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى قەلەندەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇ قەلەندەرنى ھوجرىغا باشلىغاندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن خىتاب قىلدى:

— نېمە ھاجەتلىرى باكىن تەخسىيىم؟

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. زوۋان سورمەستىن قولىنى قوينىغا تىقىپ بىر تەڭگىنى ئالدى - دە، دەڭچانىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غېزىمغا دان ئەپكەل!

دەڭچا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— تەخسىيىم، شەھىمىز ئەزەلدىن قىممەتچىلىك شەھەي، بىي تەڭگىگە ئاش، بوغۇز، دان سېتىۋالغىلى بولماسمىكىن، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە...

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى، خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇ گويا دەڭچانىڭ تېزرەك ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇشنى كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. لېكىن دەڭچا ئاشۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتىدە «ئەمدى بۇ بىي تەڭگە، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە...» سىنى تەكرارلاپ تۇراتتى. قەلەندەر ھەممىنى كۆرۈپ، چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ يېنىدىكى ئاق غازغا قاراپ قويۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دەڭچا ئۇنىڭ نېمىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. قەلەندەرنىڭ دۇئاسى تولىمۇ قىسقا بولدى. ئۇنىڭ نېمە دەپ، قايسى ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى...

لېكىن ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ قىسقا دۇئانى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: ئاشۇ قېتىم ئەۋلىيا خوتەنلىكلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ «سېنىڭ ئىشىكىنى خۇدا قىلغاي!» دەپ دۇئا قىلغان، شۇڭا خوتەنلىكلەرنىڭ كۆلپەت - جاپاسى كۆپ بولمايدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ قېتىم ئەۋلىيا «خوتەنلىكلەرنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن كەلگەي!...» دەپ دۇئايى-سېھىر قىلغانمىش، خوتەنلىكلەرنىڭ دائىم ئەتىگەندە قىلغان ئىشىغا چۈشتىن كېيىن پۇشايمان يەپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىنمىش...

ۋەھالەنكى، قەلەندەر شۇ كېچە ئاچ قورساق يېتىپ قالدى، دەڭچا ئۇنىڭ ئوخلىغان - ئوخلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ غېزى بولسا، كېچىچە غاقىلداپ، كۆك ئېشىكى پات - پات ھاڭراپ چىقتى...

× ×

قەلەندەر تاڭ سەھەردە دەڭـدىن چىـ
قىپ تاكى پېشىنغىچە خوتـەن شەھىرىنى
چۆرگىلەپ يۈردى. كـۆك ئېـشەكنى ھېچـ
يەردە توختاتمىدى. تەمبۈرنىمۇ سايراتـ
مىدى. كىشىلەر ئـۈنىڭ جەندە، كۈلاسىـ
دىن كـۆرە، ئۈزۈن دەستىلىك تەمبۈرىغا،
رەڭگى كۆك ئېشىكىگە، ئـېشەكنىڭ سۆڭـ
گۈچىگە قونۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئـولتۇر-
غان ئاق غېزىغا بـەكرەك قىزىقىپ قارىـ
شاتتى، لېكىن ئۇ توختىماي ئـۆتـۈپ كېـ
تەتتى، ئۇ «سۇ دەرۋازىسى» دىن « يـەـ
كەن دەرۋازىسى» غىچە، «گۆرجان دەرۋاـ
زىسى» دىن «ھېيتگاھ دەرۋازىسى» غىچە،
«قىزىق دەرۋازىسى» دىن «ئاقسۇ دەرۋاـ
زىسى» غىچـە كېزىپ چىقتى. «سۇ دەرۋاـ
زىسى» تـەرەپتە ئېگىز ـ ئېگىز توغـراقـ
لار سايە تاشلاپ تۇرغان «ئەسكىرىي ماـ
زار» نى، «ھېيتگاھ دەرۋازىسى» تـەرەپتە
«ھەسـسـۇلتان مازىرى» نـى، ئـۈنىڭدىن
يىراقلاپ چۈشۈپ «ئـاغچا بـۇلاق» دېگەن
يەردە «ئالتە قىزلىرىم مازىرى» نى، قاـ
راقاش دەرۋازىسى تەرەپتە «لېچىن ئـاتا
مازىرى»، «تـوغراق مازارلارنى»، «ئات
بازىرى» نىڭ يېنىدا «جالاپ مازار» نى،
«تامباغ» تەرەپتە «مۇپتىغوجام مازىرى»ـ
نى، «شورۋاغ» تەرەپتە «شەمسى تـەبىر
سىزىم مازىرى» نى... سەيلەـ تاۋاپ قىـ
لىپ ئۆتتى. ھەممە مـازارلارنىڭ دەرۋاـ
زىسىدا تىلەمچىلەر قـاتار ـ قاتار تىزىـ
لىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەقتائالانىڭ ، ھەزـ
رىتى رەسۇلىلـلانىڭ، تۆت چاھارىيارلارـ
نىڭ، پاتىمە ـ زۆھـراالارنىڭ، ھـەسەن ـ
ھۈسەنىنىڭ ھەققىدە سەدىقە سورىشاتتى...

قەلەندەر بازارلارنىمۇ ئايلاندى. پۈتـ
كۈل بازاردا سودا ـ سېتىق قاينىغان قاـ
زاندەك ۋاراقشىيتتى. كەشمىرلىكلەرنـى،
دېھلىلىقلارنى، كابۇللۇقلارنى، ئەنجانلىقـ
لارنى كۆرگـىلى بـولاتتى. ئـەرەبـلـەر،
پارسلار، ھىندىلار، پەرەڭلەر، خەنزۇلار
ئېلىپ ـ سېتىشىپ يـۈرەتتى. قـاشتېشى،
ئالتۇن ـ كۆمۈش، گـىـلـەم، ئەتلەسلەر
چاقنايتتى. ھىندىلارنىڭ دورا ـ دەرمەكـ
لىرى، ئەرەبلەرنىڭ قۇرئان ۋە خورمىلىـ
رى، خـەنزۇلارنىڭ چىنە ـ تـەخسىلىرى
ئايرىۋېلىناتتى. ئـالتۇن ـ تىللالار، كۈـ
مۈش تـەڭگىلـەر ، مىس تىيىنلار جىرىڭـ
لايتتى. قىچقىرىقچىنىڭ «ئەييۇھاننا س»ـ
لىرى، كاۋاپچى، سامسىپەز، مانتۇپـەز،
هالۋىچى، گۆش گىردىچى، بـاققاللارنىڭ
خېرىدار چىلـلاشلىرى، ئـۈرۈشقان ـ سوـ
قۇشقانلارنىڭ تىل ـ ئـاھـانەت، غەلۋەـ
چۇقانلىرى قوشۇلۇپ، بازار ئىچى بوران
چىققاندەك گۈرۈلدەيتتى. ئاشۇ گۈركىرەك
ئىچىدە ئـاتلىق چارلاپ يـۈرگەن رەئىس
شەرئىينىڭ «يۈزۈڭنى ياپ نائەھلى، هو
بىنومۇس!» دېگەن ئـاگـاھلاندۇرۇشىنى،
قامچىنىڭ تارسـىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازـ
نى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۈل پۇرىقى، قوـ
غۇن پۇرىقى، سامسا ھىدى، كاۋاپ ھىدى،
ئىپار، ئەنبەر، زەپەرلەرنىڭ خۇشپۇراقلىـ
رى بىلەن چۈچىتىلىۋاتقان زاغـۇن يېغى،
ئۆكلىنىۋاتقان كـاللا، ئـاشـلانغان تېرە،
ئىسلىنىۋاتقان كۆن ـ خۇرۇملارنىڭ قاڭـ
سىق پۇراقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنـىدى.
خوراز ، بۇدۇنە چوقۇشتۇرۇۋاتقانـلارنى،
ئىت ـ سەگ تالاشتۇرۇۋاتقانلارنى، بۇقا ـ
قوچقار ئۇشتۇرۇۋاتقانلارنى كۆرگىلى بوـ
لاتتى. ساتار چېلىپ مـۇقـام قىچقىرىۋاتـ
قان، راۋاب تىرىڭشىتىپ، جەڭنامە سۆزـ
لەۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناپ كەرەشمەكۆرـ
سىتىۋاتـقـانلارنى، نەشە چېكىپ ـ دوپ

تارتىۋاتقان، تاۋىسكادا جەمشىتنى
چىللاپ، دەتتىسكام ئىبتىۋاتقان،
چېلىش سورۇندا چۈشۈپ، كۈچ سىنىشى-
ۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. دۇكان،
ماگىزىنلارنىڭ لاكلانغان چىرايلىق شادا
قەپەزلىرىدە بۇلبۇل - كۆكتالغۇلار، تور-
غايلار، شاتۇتىلار سايرىشاتتى. كىچىككىنە
تاغقاغىسىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى. كوچا ياقىسىدىكى قەنەر-
لەردە تۆگە گۆشى، ئات گۆشى، كالا- قو-
تاز گۆشى، قوي - ئەچكە گۆشى، توخۇ -
ئۆدەك گۆشى، ئۇلا، كەكلىك گۆشى، پاخ-
تەك ، جىگدىچى گۆشى، بۇدۇنە ، قۇشقاچ
گۆشى... ئېسىلىپ تۇراتتى. هەرە، چىۋىن-
لەر ۋىژىلدايتتى، بازار گۇرۇلدەيتتى،جا-
هان ئۆز ئىشلىرى بىلەن هەلەك ئىدى...

قەلەندەر گويا ئاشۇجاهان غەۋغالىرى
بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك بىنەـ
زەر چۆرگىلەپ يۈرەتتى، كۆك ئېشەكنى دى-
ۋىتەتتى . ئۇنىڭ بازار كۆرۈپ چۆرگىلەپ
يۈرۈشىدە، ئاشۇ نەرسىلەرگە نەزەر سېلى-
شىدا هېچقانداق مۇددىئاسى يوق ئىدى،
پەقەت كۆرۈش ئۈچۈنلا كۆرەتتى، چۆرگى-
لەش ئۈچۈنلا چۆرگىلەيتتى. ئۇ پەقەت بىر
قېتىملا ئېشەكتىن چۈشتى. بۇنىڭغا
ئاشۇ كوچىلارنىڭ ئىتتىنىڭ ئۈچىيىدەك تار
بولۇشى،نەپسى-بالا نائەهلىلەرنىڭ كوچى-
غا قىستاپ ئۆي - تام سېلىپ،يولنى تار-
لاشتۇرۇپ قويۇشى سەۋەب بولدى. ئالدى-
دىن يۈلغۈن شېخى ئارتىلغان بىر سۇر
ئېشەك كەلگەنىدى، ئىككى ئېشەك كوچى-
غا پاتمىدى. يا سۇر ئېشەكنىڭ شېخى يا-
كى كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى ئۆرۈلۈش كې-
رەك ئىدى. قەلەندەر خېلى ئۇزۇنغىچە
سوكۇت ساقلاپ كۈتكەن بولسىمۇ سۇر
ئېشەك يول بەرمىدي. ئېشەكنىڭ ئىگىسي
بولسا توختىماي «پوش - پوش!» دەپ
ۋارقىرايتتى. ئاخىرى كۆك ئېشەكنىڭ يۈ-
كى- قەلەندەر ئېشەك ئۈستىدىن چۈشتى.
ئۇ ئىشىنىڭ پەس بولسا ئېگىشىش
كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى . كۆك
ئېشەك تامغا قىستالدى، قەلەندەركۆك
ئېشەككە يېپىشتى. شۇنداقتىمۇ سۇر ئې-
شەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈلغۈن شېخى قەلەن-
دەرنىڭ جەندىسىنى ئىلىپ، ئاق غازنى
پالاقلىتىپ، ئاران تەستە ئۆتۈپ كەتتى...

قەلەندەر ئۆزلىرى قىستالغان تامغا
قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى،
ئۇنىڭ يادىغا بالىلىق چېغىدا، ئاشۇ يې-
راق نامانگاننىڭ تار كوچىلىرى بىلەن
باغلىنىشلىق بىر ئەسلىمە چۈشتى. نامان-
گاننىڭ كوچىلىرىمۇ ئاشۇنداق تار ئىدى،
ئۇ يەردىمۇ كوچىنى تارلاشتۇرۇپ، يول-
نى قىستاپ ئۆي - تام سېلىۋالىدىغان
نائەهلىلەر بار ئىدى.ئۆزىنىڭ هويلىسى-
نى كېڭەيتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ يو-
لىغا ئەجدىهادەك چاڭ سېلىشاتتى. بىر
نائەهلى- نەپسى قۇل مىچىت بىلەن موللا
ۋەلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى
قىستاپ، ئۆي سېلىۋالدى. ئۆيىنىڭ بۇر-
جىكى يولغا خۇددى ئۇنىڭ كېلىدىكى
پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. يول
تېخىمۇ تارلىشىپ كەتتى، سۇپىتىمۇ بۇ-
زۇلدى. ئاشۇ كوچىدىن كۆپ كىشىلەر ئۆ-
تىدىغان بولسىمۇ نائەهلىنىڭ كۆكە مىلى-
كىدىن قورقۇپ غىڭ قىلىشالمىدى. ئا-
خىرى يەنىلا ياش بابارەهىم كۆكرەك كې-
رىپ ئوتتۇرىغا چىقتى:

— جامائەت يولنى ئىگىلىۋېلىش مۇ-
سۇلمانلىق جۇملىسىدىن ئەمەس...

— نېمە دېدىڭ قۇل بەچچە؟- يەنە بىر
دېگىنە، يولغا پاتماي قالدىڭمۇ- يە؟

— مەنغۇپا تارمەن، لېكىن، هارۋا-مەپە ئۆتۈپ قالسا پاتمايدۇ.

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە هارۋا ئۆتەتتىمۇ؟ ۋاي قوۋۇرغامەي، مۇنۇ موللا ۋەلىنىڭ يالاڭغىداق بەچچىسى مەپىگە ئولتۇرماقچىمىش تېخى. ۋاي خالايىق، تىڭشاڭلار، مۇنۇ قۇل بەچچە... ها- ها- ها...

ياش بابا رەھىم نەپسى قۇلنىڭ زەھەردەك گەپلىرىدىن مەڭدەپ قالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدى:

— بۇ يولدىن هارۋا ئۆتمەمدىكىن؟ مەن مەپىگە ئولتۇرسام بولمامدىكەن؟ ئەگەر مەپە ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلىسەن، نەپسى قۇل ئاكا؟

— ئەگەر سەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساڭ، ئۆيۈمنى چېقىپ، يولنى كېڭەيتىۋېتىپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ قۇل بەچچە، ۋاي ئەخمەق جۇلدۇر كېپەن، ئاۋۋال بىر پۇتۇڭغا كەش تاپ، ئاندىن مەپە ھەققىدە چۈش كۆر- ها- ها...

— ئاشۇ گېپىڭ راستمۇ؟ كېيىنگىدە تۇرالامسەن؟

— هۆججەت قىلىپ بېرەيمۇ يالاڭتۆش؟ قېنى هۆججەتنىڭنى ياز، ئۇلۇغ قولۇمنىڭ باش بارمىقىنى بېسىپ بېرىمەن، قېنى ياز...

هۆججەت بىر دەمدىلا پۈتۈلۈپ تەييار بولدى. نەپسى قۇل مەردانىلىق بىلەن راستىنلا ئۇلۇغ قولىنىڭ باش بارمىقىنى باستى، لېكىن، ئۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆيىنى چېقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپمۇ قويمىدى. چۈنكى ئۇ يالاڭتۆش موللا ۋەلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە مەپە ئۆتسە قۇياش مەشرىقتىن ئەمەس مەغرىبتىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى...

شۇ كۈنلەردە موللا ۋەلىنىڭ يالغۇزى-بابا رەھىمنىڭ ئاجايىپ هېكمەتلىرى، سىرلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاستا-ئاستا ئەل ئىچىگە تارىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر هېكمەتلىرىدىن تەئەججۈپكە چۈشكەن ئىلىم سۆيەر نامانگان ھاكىمى ئۇنىڭ بىلەن دىدار مۇلاقەت بولماقنى ئىزدەپ چىللاپ كېلىشكە ئاتلىق چاپار ئەۋەتتى، لېكىن بابا رەھىم ياياق بېرىشنى رەت قىلدى، ھاكىم ئىككىنچى قېتىم كۈمۈش ئىگەرلىك نامانگان ئارغىمىقىنى ئەۋەتتى، بابا رەھىم يەنىلا رەت قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم تەتىللا سايىۋەنلىك ھاكىمانە مەپىسىنى ئەۋەتتى. مەپە نەپسى قۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن پاتمىدى. چەللاقا كەلگەن دوغا ئاشۇ يەرگىچە ياياق بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشۋىدى، بابا رەھىم مەپە ئىشىكى ئالدىغا كەلمىگۈچە ئۆيىدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوغىنىڭ قولىغا نەپسى قۇل قويغان هېلىقى هۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى... قۇم سائەت بىر قېتىم دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، قۇم ئېقىمى تەتۈرگە قاراپ يېرىمى ئېقىپ بولغىچە، مەپە دېگەندەكلا موللا ۋەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بابارەھىم تەتىللا سايىۋەنلىك مەپىدە كىردىيىپ ئولتۇرۇپ ھاكىم ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئەمدى نەپسى قۇلنىڭ پوقاق ئۆيى كوچىدىن يوقالغانىدى...

مانا ھازىر ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا يولغا پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆي تېمىغا قاراپ تۇرغان قەلەندەر، مۇشۇ شەھەردىنمۇ ئۆزىگە ئوخشاش نائەھلىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدىغان بىرەر ئەپچىلەمىنىڭ چىقمىغىنىغا ئۆكۈندى. لېكىن، ئاشۇ يىراق نامانگاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى

ئەسلەپ مەمنۇنيەت بىلەن كۈلۈپ قويـ
دى. ئۇنىڭ يادىغا يەنە ئانىسى سەلىمە
ۋە سىڭلىسى كەلدى. ناما نگانىنىڭ بۈك ـ
باراقسان باغلىق مەھەللىلىرىنى، ئۆزى
ئوقۇغان مەدرىسىنى، ئاشۇ
تار كوچىلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇـ
نىڭ سىنەسى يۇرت ئىشقىدا، ئەل ۋە
ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىشقىدا پىژىلداپ
ئېچىشتى.

× ×

قەلەندەر پېشىنغا يېقىن دەڭگە قايتىپ
كەلدى، لېكىن دەڭگە كىرمىدى. دەڭنىڭ
يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئېگىز ئەزانخانىسىـ
غا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەردە مەزىن
ناماز پېشىنغا ئەزان قىچقىرىۋاتاتتى،
ئەزان مۇڭلۇق ھىندىچە ئاھاڭدا ئوقۇـ
لۇۋاتقان بولۇپ، ياڭراق ئاۋاز ئۇنى يىـ
راقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. قەلەندەر ئاشۇ
ئەزانخانىغا كۆتۈرۈلگەندە خوتەن شەھىرىنى
ئۈستىدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغانلىـ
قىنى چۈشەندى. ئاشۇ چاغدىن ئۈچيۈز
يىللار كېيىن قايتا ياسىلىپ «ناسىر ھاـ
جىم مەسچىتى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ مەسـ
چىتنىڭ ئەزانخانىسى ئۈچبۇرجەك، ياغاچ
قۇرۇلمىلىق ئېگىز مۇنار ئىدى، «گۈللۈك
ئۆستەڭ» گە تاقاپ سېلىنغان مەسچىت
دەرۋازىسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتـ
تى. قەلەندەر ئېشىكىنى يېتىلەپ، كۆۋـ
رۈكتىن ئۆتۈپ، مەسچىت ھويلىسىدا كۆـ
كىرىپ تۇرغان ياش، لېكىن ئېگىز تۈت
تۈپ سېدە دەرىخىنى كۆردى. ئۇ كۆك ئېـ
شەكنى سېدىگە باغلاپ، تەمبۇرنى تامغا
يۆلەپ قويۇپ، «ئەنجان شوتىسى» ئارـ
قىلىق ياغاچ مۇنارغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ مەسـ
چىت ئەتراپىنى ئۇ مازار بىلەن قورشالغانـ
لىقىغا، ئېگىز ۋە قېرى توغراقلارنىڭ قەبرىـ

لەرگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىغا نەزەر
سالدى. ئۇ ئەزان پەشتىقىغا يېتىپ چىقـ
قاندا، ئەزان تېخى ئاياغلاشمىغانىدى.
ئىككى قولىنىڭ باش بارماقلىرىنى قۇلىقىـ
نىڭ يۇمشىقىغا تەگكۈزۈپ، ئاغزىنى يوـ
غان ئېچىپ ئەزان توۋلاۋاتقان مەزىننىڭ
كۆزلىرى قەلەندەرگە تىكىلىپ قالدى،
ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى، قەلەندەر
پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ چار ساقاللىق
مەزىننىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە ئېـ
تىبار قىلماي، پەشتاق ئۈستىدە ئايلىنىپ،
شەھەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى. شەھەرـ
نىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى
ئېگىز، شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى پەس
ئىدى. شەرقتە، يېقىنلا يەردە يورۇڭقاش
دەرياسى دولقۇن ئۇرۇپ، شاۋقۇنلاپ ئېـ
قىپ تۇراتتى. قەلەندەر شەھەرنىڭ ئاـ
ساسىي قىسمىنىڭ قاچانلاردىدۇر بىر چاغـ
لاردا يورۇڭقاش تېشىپ ئاققان ئويمانغا
سېلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە شەـ
ھەرنىڭ تار، ئۈستى يېپىق كوچىلىرىغا،
پاكار ـ پاكار ياغاچ ئۆيلىرىگە نەزەر
ئاغدۇردى. دۈمچەك ـ دۈمچەك قەبرىلەر
بىلەن تولغان، خادا ـ شەددىلەر يالـ
ڭاچلىنىپ تۇرغان مازارلار شەھەرنى بۆـ
لەك ـ بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. خاـ
دا ـ شەددىلەردە سامان تىقىلغان تۇلۇمـ
لار چوقچىيىپ، تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە قوتاز
قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر
قەدىمكى شەھەردە مازارنىڭ شۇنچە كۆپ
ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى ۋە شۇ ھامان
يىراق ۋە يېقىن تارىختىكى ئۇرۇشلارنى
باسقۇنچى، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ زۇلۇمـ
لىرىنى، كۈچلۈكخانىنىڭ ۋەھشىيانە قىرـ
غىنچىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. «شەھىداـ
نە خوتەن» دېيىشكەنلىرى راست ئىكەنـ

دە، دەپ ئويلىدى. ئۇ شەھەرنى تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، ئەزان پەشتىقىنىڭ سالاسۇنىدىن ئېسىلىپ پەسكە، ئايىغى، تېگىگە قارىدى. «گۈللۇغ ئۆستەڭ» لايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا، بىر تالاي ياش تالىپلار ئىشتانلىرىنى تىزىغىچە سېرىپ قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇچۇمىغا ئالغان سۇنى ئەۋرىتىگە چېچىپ يۇياتتى. ئەۋرەتلىرىدىن ساقىغان سۇ يەنە يالاپ ئۆستەڭگە چۈشەتتى ... قەلەندەر ئۆستەڭنىڭ بەل ئايىغىغا نەزەر سالدى. ئۇ يەردە يەنە ئاللىكىم ئۇچۇمىدا ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غار-غار قىلىۋاتاتتى. يەنىمۇ پەستىرەك باش-كۆزىنى قارا رومال بىلەن چۈمكىگەن بىر ئاجىزە قاپاقنى «گۈللۇغ ئۆستەڭ»گە چۆكۈرۈپ سۇ ئۇسۇۋاتاتتى.

قەلەندەر بىردىن يىرگىنىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا كۈلۈمسىرەپ ئىشتان بېغىنى يەشتى. ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئاشۇ ئېگىز مۇنار ئۈستىدە تۇرۇپ «گۈللۇغ ئۆستەڭ»گە شارقىرىتىپ سىيىدى. تۇيۇقسىز چىققان شارقىرىغان سادا تاھارەت ئېلىۋاتقان تالىپلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇچۇق ھاۋادا ياغقان تۇيۇقسىز «ياغمۇر» — سۈيدۈك تامچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستى-بېشىغىمۇ چاچرىدى. ئۇلار ئىشتانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھودۇققىنىچە ئۆستەڭ بويىدىكى يولغا قېچىپ چىقتى ۋە ئاسمانغا قاراشتى. ئېگىز مۇنارنىڭ چوققىسىدا جەندە-كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر «گۈللۇغ ئۆستەڭ»گە شارقىرىتىپ سىيىپ تۇراتتى. قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى.

— ھوي كاپىر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ھۇ، سۇغا سىيگەن جوھۇت.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— چۈش بۇيا قىقا...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئىشتانىنىڭ بېغىنى ئېتىپ، چاك-توزان ۋە ئىس-تۈتەك ئاستىدا گۈرۈلدەۋاتقان شەھەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. پەستە قىيا-چىيا داۋام قىلاتتى.

— چۈش بۇيا قىقا...

— نەدىن كەلگەن بىدئەدىسەن؟

— ئەدەبلەپ قويۇش كېرەك ئۇنى ...

قەلەندەرنى ئەزاننىڭ دۇئاسىنى ئەندىلا تاماملىغان مەزىن ئاخۇنۇمۇ دەشكۆللىدى.

— نېمە قىلغان قىلىق بۇ، ساراڭمۇيا سەن؟ چۈشە پەسكە، ھۇ بىدئەدەب...

قەلەندەر مەزىن ئاخۇنۇمغا بۇرۇلدى.

— قېنى ئۆزلىرى ئالدىدا مەرھەمەت قىلغايلا...

— چۈش دەۋاتىمەن سېنى...

— ئۆزلىرى ئالدىدا ماڭسىلا مەزىن ئاخۇنۇم، مەن ئالدىلىرىغا ئۆتۈۋالسام بىدئەدەبلىك بولىدۇ، قېنى مەرھەمەت...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ چارسا قىلىغەزەپتىن تىترەيتتى، كىچىككىنە پوقىقى چىلگە قاپاقتەك گىلدىڭلايتتى. خېلى ئۇزاق سالا-سۇلھىدىن كېيىن ئاخىرى يەنە مەزىن ئاخۇنۇم ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قەلەندەر ئىستېھزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان چۈشۈپ كەلگەندە، ئەندى پەستىكى ئالامانىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى.

— ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ بولمىسا سۇغا سىيەمدۇ؟

— قەلەندەر كىيىمى كىيىۋالغان ساراڭ ئىكەن...

— ساراڭ بولسىمۇ مەن ئۇنى··· قېنى بۇياققا تۇرۇڭلار···

قەلەندەر «ئەنجان شوتىسى» نىڭ ئاستىنقى ئۇچىنچى پەشتىقىغا چۈشۈپ، خۇددى ئورۇندۇق - كۇرسىدا ئولتۇرغاندەك پۇتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. قولىنى ئۇزىتىپ تامغا يۆلەپ قويغان تەمبۇرنى ئالدى ۋە تىرىڭلىتىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئالامانىڭ غەزەپ - نەپرەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك مەنىسىز قارايتتى. لېكىن قەلبىدە ھەيرانلىق ئارىلاش بىر پىكىر — بۇ تالىپلار خوتەنلىك ئەمەسمىكىنە؟ «ر» تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىدىكەنغۇ، ھە، راست مەكتەپ كۆرگەنلىرى «ر» نى ئۆگىنىۋاپتۇ - دە، دېگەن پىكىر كېزىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا يېشى چوڭراق بىر تالىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سەن قەلەندەرمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

— ھەم قەلەندەرمەن، ھەم ساراڭمەن.

— سۇغا سىيگىنىڭنى بىلەمسەن؟

— نېمىشقا بىلمىگۈدەكمەن؟! ئەتىگەن ئاشۇ ئۆستەڭدىن ئىچكەن، ئەمدى يەنە ئاشۇ ئۆستەڭگە قوشۇۋەتتىم.

— شۇ قىلغىنىڭ دۇرۇسمۇ؟

— بالىسى ئانىسىغا قوشۇلدى، جۇدالىق تامام بولدى···

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشنىمۇ توختاتمىدى. سوئاللارغا دۇدۇقلىماي، ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئۇن قېتىپ تۇردى. ئاچچىقلاپ چىچاڭشىپ كەتكەن تالىپلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— راستىنلا ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ ئەمەس، كاپىرچاغۇ···

— ياق، ساراڭ ئەمەسكەن، ساراڭ بولسا ئاشۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟

— سۆزلەپ قالغان ساراڭمىكىن يا···

— سوراپ باققىنا، كاپىرمىكىن، مۇسۇلمانمىكىن···

ھېلىقى سوئال سوراۋاتقان چوڭ ياشلىق تالىپ ھەمراھلىرىنىڭ ھە - ھۇلىرى بىلەن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سەن مۇسۇلمانمۇ - كاپىرمۇ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن.

— سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟

— باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن.

تالىپلار ئىچىدە گۇررىدە ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «كاپىر، كاپىركەن» دەپ ۋارقىرىشاتتى. سوئال سورىغۇچى غەزەپلەنگەن ھالدا يەنە بىر سوئال سورىدى:

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادىدۇرسەن؟

— ئاتام موللا ۋەلى بىلەن ئانام سىلىمخاننىڭ ئەۋلادىدۇرمەن···

«كاپىركەن، راستىنلا كاپىركەن» دېگەن ۋارقىراشلار سوئال - جاۋابنى ئۈزۈپ قويدى. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمدى ئالدىدا جەندە - كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر ئەمەس، نامەلۇم بىر كەلگىندى دەھرىنىڭ تۇرغانلىقىغا ئىشەندى، تالىپلار ۋارقىرىشاتتى.

— ماڭ مەھكىمە شەرئىيگە بارىمىز.

— ماڭسام ماڭدىم.

— سېنى ئۇ يەردە يۈز پالاق ئۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىشىدۇ.

— ئوڭلىنىپ قالىسەن···

— ساراڭلىقىڭمۇ ئوڭشىلىدۇ···

قەلەندەر شوتىدىن چۈشۈپ، سىپىدىگە باغلاپ قويۇلغان كۆك ئېشەكنى يەشتى. ئۇ يەنىلا بەخىرامان ئىدى. قورققانلىقى ياكى

هودۇققانلىقى بىلىنمەيتتى. گويا مەھكىمە شەرئىيگە يېقىن بىر قېرىندىشىنى ياكى قەدىناس دوستىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ئوڭايلا تالىپلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىلا ئۆزى شارقىرىتىپ سىيىگەن «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى...

ئۇزۇن يىللار ـ ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ مۇشۇ «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە سىيىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار «گۈللۈغ ئۆستەڭ» نىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىقى، ئېغىرلىقى، بىر تېتىغان ئادەمنىڭ مېھرىنى ئۈزەلمەي خوتەندە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئاللىقانداق بەخت ـ ئىپتىخار بىلەن «شەھەرنىڭ مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان گۈللۈغ ئۆستەڭگە ئەۋلىيا سىيىگەن...» دەپ ئەسلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيانىڭ سۈيدۈكى ئارىلاشقان سۇ تاتلىق بولارمىش...

قەلەندەر ھېرىپ قالىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئېشەككە مىنىۋېلىشنى ئەلتىماس قىلدى. نېمىشقىدۇر تالىپلار ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا تاقىرىشمايلا قوشۇلدى. قەلەندەر ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قويۇپ ئولتۇرغان غازنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، يەنە بىر قولىدا تەمبۇرنى تۇتقان پېتى ئېشەككە سەكرەپ مىنىۋالدى.

× ×

خوتەننىڭ توپىلىق كوچىسىدا، بىر توپ تالىپلارنىڭ ئالدىدا، ئۈستىگە جەندە، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر كۆك ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھېلى غازنى قۇچاقلاپ، تەمبۇرنى تۇتقان ھالدا ئېشەككە ئوڭ مىنگەنىدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا سول پۇتىنى ئېشەكنىڭ قىسقا يايلىق بويىنىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە ئالدىدا ئېشەك ئۈستىدە يېنى بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يايداق ئېشىكىگە يېنىچە مىنىپ ئېتىزدىن قايتقان، ھوسۇلنىڭ موللىقىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان دېھقانغا ئوخشايتتى، يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ پۇتىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىر بۇرالدى ـ دە، ئېشەك ئۈستىدە تەتۈر بولۇۋالدى، غازنى ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قوندۇرۇپ قويۇپ، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. ئېشەككە تەتۈر مىنگەن قەلەندەرنىڭ تەمبۇر چېلىپ مېڭىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. تالىپلار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

ـ ھوي ئەمدى بۇ نېمە قىلىق؟

ـ ئېشەككە ئوڭ مىن كاپىر...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئېشەك ئارقىسىدىن ئەگەشكەن تالىپلارغا خۇش نەزەر سېلىپ باراتتى. قايسىدۇر بىر تالىپ ئېشەكنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى:

ـ ئېشەككە ئوڭ مىن بەدۋاتىمىز ساراڭ، قېنى ئوڭ بول...

قەلەندەر تالىپلارغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بېلى تالغان كۆك ئېشەك قىمىرلاپ ئېغىرلىقىنى ئوڭ پۇتلىرىدىن سول پۇتلىرىغا يۆتكىدى. تالىپلارنىڭ «ئېشەككە ئوڭ مىن، ھوي كاپىر ئوڭ مىن» دېگەن سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

ـ ھۆرمەتلىك ئەھلى ئىلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئەھلى ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىش ۋاجىپ، دېگەن. ئۆ-

زىمۇ ئەھلى ئۆلىمالارغا ئىززەت كۆرسەتەتتى. مەن ئېشەككە ئوڭ مىنىپ ماڭسام ھەر قايسىلىرىغا ئارقام بولۇپ قالىدىكەن. ئەھلى ئىلىمگە ئارقىسىنى قىلىش ھۆرمەتسىزلىكتۇر، شۇڭا مەن...

تالىپلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇلار ئەمدى نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا يولسىزلىق بىلەن ئۇنى ئېشەككە ئوڭ مىنىشكە قىستايتتى. تالاش - تارتىش ئۇزاققا سوزۇلدى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يان بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىرى يەنىلا تالىپلار تەسلىم بولدى.

قەلەندەر كۆك ئېشەكنى دېۋىتىپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ قويدى. كۆك ئېشەك ئورنىدىن قوزغىلىپ مەھكىمە شەرئىيگە يۈرۈپ كەتتى، تالىپلار ئەگەشتى. ئاشۇ ھالەت خۇددى نىكاھسىز مۇھەببەتلەشكەن زىناخورنى يۈزىگە قارا سۈۋاپ، بېشىغا كۇلاھ كەيگۈزۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىشقا ئوخشايتتى. قەلەندەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سۇ تەگمىگەن يۈزىمۇ قازان كۈيىسى سۈۋاپ قويغاندەك قارا ھەم مەينەت ئىدى، كىشىلەر نەپرەت بىلەن قارىشاتتى، بىكار تەلەپلەر ئەگەشتى، باللار چۇقان سېلىشاتتى، تاش - داڭگاللارنى ئېتىشاتتى. قەلەندەر بولسا بەخىرامان ئىدى. سازايى قىلىش تاكى مەھكىمە شەرئىيگە يېتىپ بارغىچە داۋاملاشتى.

ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش خوتەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئۈچۈن، تۇنجى قېتىممۇ، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۆزىنى ئۆزى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش بولسا تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇزاق يىللار - ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئاشۇ كوچىلاردىن ئېشەككە تەتۈر مىنىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم يۈزىگە قارا سۈۋىغان زىناخورلار ۋە باشقا گۇناھكارلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغاندا، ئۇلار ئاشۇ ئەۋلىيانى يادىغا ئېلىشاتتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا سازايى قىلىنغان بىچارىلارنى كۆرگەندە ئۇنى يادىغا ئېلىشتى. لېكىن ئەمدى بۇ بىچارىلارنىڭ بېشىدا كۇلاھ، يۈزىگە قاراسۈۋالغان بولسىمۇ ئاستىدا ئېشەك يوق ئىدى...

مەھكىمە شەرئىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تالىپلار بىلەن قەلەندەر ئوتتۇرىسىدا يەنە ئازراق تالاش - تارتىش بولۇپ ئۆتتى. قەلەندەر ئېشەكتىن چۈشمەيلا مەھكىمە شەرئىيگە كىرمەكچى بولغاندا تالىپلار ئۇنىمىدى. بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر قەلەندەر جاھىل خوتەنلىكلەرگە يول قويدى.

× ×

ئۇلار مەھكىمە شەرئىيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن سوتنىڭ ئاخىرقى پەتىۋاسى ئېلان قىلىنىپ بولغانىدى. ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى نېمىنىدۇر كۈتۈپ زېرىككەنلىكتىنمۇ قازى - قۇززات، ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەر پاششاكاۋىسىدەك يوغان سەللىلەرنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرى خۇددى ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يېرىم يۇمۇلغانىدى. ئۇلار كىرىپكىلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ تار قىسچىلىقتىن تالىپلار ھەيدەپ كىرگەن جەندە - كۇلاھلىق قەلەندەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر قولغا چىشقۇدەك پارا

ياكى مۆھۈرھەققى ئۈندۈرۈۋېلىشقا جەزم
قىلالماي يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇشتى . پە-
قەت قازى-ۋۇززاتلار «نېمە ئىش؟ » دەپ
سوراپ قويىدى پەس ئاۋازدا. لېكىن،
ئۇنىڭ سوزۇلغان ئاۋازىدىن ئۇلۇغۋارلى-
قى جاراڭلاپ تۇراتتى. تالىپلار قەلەندەر-
نىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ۋە بەرگەن
جاۋابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ
كاپىر - دەھرى ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلاشتى. جازالاپ بېرىشنى، خەلقى ئا-
لەمگە ئىبرەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى .
قازى جىددىي دىنىي مەسىلە ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە دەرھال
سوراقنى باشلىدى. لېكىن، ئۇمۇ تونۇشتۇ-
رۇلغان ئاشۇ گەپلەردىن ئالدىدىكى قە-
لەندەر سىياق ئادەمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭ
ئىكەنلىكىگە دەرگۇمان بولۇپ قالغانىدى.
ئۇ سوراقنى دەل ئاشۇ جايدىن باشلىدى.

— ئەقلى- ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟

— ساراڭ ئەمەس ئوخمەن، قازى جا-
نابلىرى.

— ئۆزۈڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى
بىلەمسەن؟

— مەھكىمە شەرئىيەدە تۇرۇۋاتىمەن جا-
نابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا.

— تالىپلارنىڭ سېنىڭ قىلمىش -ئەت-
مىشلىرىڭ توغرىسىدا دېگەنلىرى راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، ئۇلار يالغان ئېيت-
مىدى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جا-
نابلىرى.

قەلەندەر تېز، توغرا، ئېنىق جاۋاب
بېرەتتى. لېكىن، ھالىتى بىنەزەر ئىدى.
ئاشۇ سوئاللارغا ئويلىمايلا جاۋاب بې-
رىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تالىپلار ئۇنىڭ
جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇ-
نىڭ گەپلىرى ھېلى مەنىچەت مۇنارىنىڭ
پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ بەرگەن جاۋابلىرى-
غا ئوخشىمايتتى. گويا ئۇ تالىپلارنى تۆھ-
مەتچىگە چىقىرىشقا ئۇرنۇۋاتقاندەك قى-
لاتتى. تالىپلارنىڭ كۆزلىرى ئەنسىزلىك-
تىن چاراقلاپ پۇلتىيىپ كەتتى. ھەممىدىن
بەكرەك ئەنسىزلىككە چۈشكەن بىر تالىپ
«ئاپايا ئۇ ئۇنداق دېمىگەن» دەپ لوقما سال-
دى. قازى سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ھېلىقى تالىپلارنىڭ سوئالىغا
نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ؟

—توغرا جاۋاب بەرگەنىدىم جانابلىرى.

تالىپلار «يالغان، يالغان» دەپ چۇر-
قىرىشىپ كەتتى.

— ئۇلار نېمە دەپ سورىغانىدى؟

— سەن مۇسۇلمانمۇ ياكى كاپىرمۇ؟-
دەپ سورىغانىدى جانابلىرى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن،
كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن دەپ جاۋاب
بەرگەنىدىم جانابلىرى.

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ
قىلغىنىم جانابلىرى، ئۆزلىرى ئېيتىپ
باقسىلا، مۇسۇلمان ئادەمدىن كاپىرمۇسەن
دەپ سوراش دۇرۇس بولارمۇ جانابلىرى؟

قازى توختاپ قالدى. مەھكىمە شەرئىيە-
نىڭ ئىچىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ئەلەم،
مۇپتى، رەئىسلەرنىڭ يېرىم يۇمۇلغان
كۆزلىرى ئېچىلىپ كەتتى. تالىپلارنىڭ
دېمى ئىچىگە چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇ-
تۇلۇپ قالغانىدى. قەلەندەرنىڭ ھەر
بىر سۆزىگە «جانابلىرى» دېگەننى قوشۇپ
ئېيتىشىدا روشەن مازاق مەنىسى كۆرۈ-
نۈپ تۇراتتى. قازى قەلەندەرنىڭ مەي-

نەتىلىشىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن ئالدىدىكى قەلەندەرنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ تالىپلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلمەك ـ توقۇناق سوئاللىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

— سەن راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

— كەلىمە تەييبە گۇۋاھ جانابلىرى.

— قاچاندىن بېرى مۇسۇلماندۇرسەن؟

— يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

تالىپلار «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى. ئۇلار «ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن» دەپ جاۋاب بەرمىگەن قەلەندەرنى تۇتۇلۇپ قالدى دەپ ئويلاشقانىدى. قازى سورىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئاشۇنداق دېگىنىم جانابلىرى:

— نېمىشقا ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلمان ئەمەسسەن؟

— ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردىم جانابلىرى، يەتتە يېشىمدا ئاتام سۈننەتىمنى قىلدۇرغان. شۇ يىلى موللامنىڭ مەكتىپىدە كەلىمە تەييبە تىلىمغا جارى بولدى. ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا جانابلىرى، سۈننەت قىلدۇرمىغان، كەلىمە تەييبىنى دېيەلمىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولارمۇ؟

قازى مەڭدەپ قالدى، چېكىسىدىن پۈژژىدە ئىسسىق تەر چىقتى، لېكىن ئۇ كۆپ سوراقلارنى قىلىپ پىششىپ كەتكەن قاقباش ئىدى. دەرھال يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى:

— سەن ئابايا «سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟» دېگەن سوئالغا «باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىپ-

سەن، راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، مەن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

— ئەمىسە بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى بولغاندىكىن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى دېگىنىم جانابلىرى. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، ئاللانىڭ نامى ـ شەرىپى مىڭبىردۇر. ئاشۇ مىڭبىر مۇبارەك ئىسىم قاتارىدا باقى دېگەن ئىسىممۇ ئاللانىڭ مۇبارەك ناملىرىغا مەنسۇپتۇر...

— ئۇنداق بولسا بوياقچى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ھويلىدىكى گۈلزارغا قاراپ باقسىلا جانابلىرى، گۈللەر قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلەردە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ياپراقلار يېشىل رەڭدە چاقناپ تۇرۇپتۇ، قارا ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپتۇ، بۇلارنى ئاللا بويىماي كىم بويىغان؟ ئاللانىڭ ئۆزى ئۇستا بوياقچىدۇر جانابلىرى، ئاشۇ باقى بوياقچىنىڭ ئۆزى يالغانچىنىڭ چىرايىنى قارا بوياپ قويۇشقىمۇ قادىردۇر جانابلىرى...

قازى يەنە مەڭدەپ قالدى. چېكىسىدىن ئىككىنچى قېتىم پۈژژىدە ئىسسىق تەر ئۆرلىدى. ئۇ قەلەندەرنىڭ جاۋابلىرىنى «خاتا» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىز ئىدى، «توغرا» دېيىشكىمۇ رايى بارمايتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قويىنىدىن يېپەك ياغلىقىنى ئېلىپ چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. تالىپلارغا ھومىيىپ قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدا «نەدىن تېپىپ كېلىشتىڭ بۇ تىلى ئۇزۇننى؟»

دېگەن تەئەددى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ
سەت قەلەندەر ئالدىدا يېڭىلىپ، تۇتۇ-
لۇپ قالغانلىقىدىن جىلە بولۇپ، يېلى ئې-
شىپ كەتكەن پومزەكتەك يېرىلىپ كېتەيلا
دەپ قالغانىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر
سورىماقچى ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ يەنە
لەت بولۇشىدىن قورقۇپ زۇۋان سۈرەل-
مىدى. شۇنداقتىمۇ تۇيۇقسىز «سېنىڭ
كۆللۈغ ئۈستەڭگە سىيگىنىڭ كۆپىرانلىق،
قىرىق دەررە ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن!» دەپ
ۋارقىرىدى. ئۇ غەزەپتىن خۇددى بەي-
گىدە چاپقان ئاتتەك ھاسىرايتتى، قەلەن-
دەر بولسا تىنچ ئىدى. نېمىنىدۇر زاڭلىق
قىلىشۋاتقانىدەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ
ئولتۇراتتى. ئۇ ئاشۇ بەخىرامان ھالىتى-
نى ئۆزگەرتمەي، ئورۇق، ئۇزۇن قوللى-
رىنى قازىغا قارىتىپ كۆتۈردى:
— نېمە ۋەجىدىن قازى جانابلىرى؟
— سۈنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن...
— سۈنىڭ يەتتە يۇمىلانسا ھالال بو-
لىدىغانلىقىنى بىلمەملا جانابلىرى؟ ئۆز-
لىرى ئاشۇنداق دېمەنگەنمىدىلە جانابلى-
رى؟ مېنىڭ سۈيدۈكۈممۇ سۇ، ئۇ ئەزان
پەشتىقىدىن چۈشكىچە يەتتە قېتىم ئە-
مەس يەتمىش قېتىم يۇمىلاندى. ئۇ ھا-
لال جانابلىرى...
— ياق، مەن ئۇنداق دېمىگەنمەن، سۈ-
نى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن قىرىق دەررە
ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن، قېنى پاششاپ، ھۆ-
كۈمنى ئىجرا قىل...
قەلەندەر ئەمدى قولىنى چىلان ياغى-
چىدىن ياسالغان پالاق كۆتۈرۈۋالغان
پاششاپقا قارىتىپ كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ
«ئالدىرىما» دېگىنى ئىدى. ئۇ يەنىلا
ئاۋۋالقىدەك بەخىرامانلىق ئىچىدە قازىغا
مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەگەر سۈنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن
قىرىق دەررە ئۇرۇلۇش كېرەك بولسا،
ئاۋۋال مۇنۇ تالىپلارنىڭ ھەر بىرىنى قى-
رىق دەررىدىن ئۇرسىلا جانابلىرى، ئان-
دىن كېيىن مېنى.
— نېمە ۋەجىدىن؟
— پاك سۈنى بۇلغىغانلىقى ۋەجىدىن
ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى كۆللۈغ ئۈستەڭگە
چىلاپ تاھارەت ئېلىشتى، ئىچىدىغان سۈ-
نى بۇلغىدى...
— راستمۇ؟
بۇ سوئال ئەمدى تالىپلارغا قارىتىلغان
ئىدى. تالىپلارنىڭ سەللىلىك باشلىرى
تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ۋۇجۇدلىرىغا تىترەك
ئولاشتى. دەررىنىڭ «پاق- پۇق» ئۇرۇلغان
دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قۇلاقلىرىغا ئاڭ-
لانغاندەك بولۇپ، شۈركىنىپ - تولغىنىپ
كېتىشتى.
قازى تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئەمدى نېمە
دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغا-
نىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەۋرەتلىرىنى
ئۈستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئا-
لىدىغان ئاشۇنداق بىنومۇس - بىشەرئىي
قىلىقتىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. مىچىت-
مەدرىسلەردىمۇ تالاي قېتىم ئاشۇ قىلىقنى
سۆكۈپ ۋەز ئېيتقان، مەسچىت-مەدرىسلەر-
گە تاھارەت ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان قۇم
چۆگۈن، ساپال چەينەكلەرنى، نوگاي-قا-
پاقلارنى قويدۇرغان ئىدى. لېكىن بۇ خەق
يەنە ئاشۇ پاسكىنا قىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتاتتى، سۈت بىلەن كىرگەن خۇي
ئۆلگەندە چىققىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قازى-
نىڭ شۇ تاپتا ئاشۇ تالىپلارنى بىشەرئىي
قىلىقى ئۈچۈن قىرىق دەررىدىن ئۇرغۇسى
كەلدى، لېكىن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۆزى-
نىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تېخىچە قۇر-

ئاندىن ئىنىرى ئۆتەلمىگەن زەڭگىرەك ئوغلىنىڭ تالىپلار ئىچىدە تۇراتتى. مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئاشۇ سۆڭىكى قاتمىغان باللار قىرىق دەررىنىڭ ئاستىدىن ساق تۇرالارمۇ؟ هەي... قازى ئىككىلىنەتتى، نىمە دېيىشىنى، نىمە قىلىشىنى، بۇ سوراقنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئەلەم ئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى. ئەلەم ئاخۇنۇم پۈتكۈل سوراق جەريانىدا، قەلەندەرنىڭ بەخىرامان هالىتىگە، جۇلدۇر ـ كېپەن تۇرقىغا، ئاجايىپ پاساهەتلىك جاۋابلىرىغا هەيرانلىق ـ مەمنۇنلۇق نەزەرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىدى. كۆڭلى سىرلىق بىشارەتنى هېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ هەزرىتىم، ئۆزلىرىنى تونۇماي قاپتىمىز، نامى ـ شەرىپلىرى نېمىكىن؟

ـــ قەلەندەرمەن، نام ـ شەرىپىمۇ قەلەندەر...

ـــ ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك سۆهبەتلىرىگە مەيلىمىز بار ئىدى. قەلب دۇردانىلىرى ئارىسىدىن ئازراق گۆهەر تىرىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرەلەمسىكىن؟

قەلەندەر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەقسىتىنى ـــ ئۇنىڭ قازى ئاخۇنۇمنى تەڭلىكتىن، تالىپلارنى پالاقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ياش باللارنى تاياقتا قويغۇسى يوق ئىدى. پەقەت ساۋاق بېرىپ قويۇشنىلا ئىستەيتتى. ئۇ تاقىرىشىمىدى:

ـــ قېنى ئەمىسە باشلا.

ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەرنى باشلاپ مەهكىمە شەرئىيەدىن چىقتى...

ئۆزاق يىللار ـ ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر مەهكىمە شەرئىيەدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر قېتىملىق سوراقنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. هەر قېتىم رەڭدار نەرسىلەرنى كۆرگەندە باقى بوياقچى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى كۆڭۈللۈكهالدا يادىغا ئېلىشاتتى. ئەۋرىتىنى ئۆستەڭگە چىلاپ تاهارەت ئېلىۋاتقان بىشەرئىيلەرنى ئۇچراتقاندا قەلەندەرنىڭ ئۇنتۇلماس تەنبىهىنى ئەسلىشەتتى. لېكىن، ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان بەزى نائەهلىلەرنىڭ چوڭ ئۆستەڭگە ئەۋرىتىنى چىلاپ، پاك سۇنى بۇلغايدىغان قىلىقىنى يەنىلا پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇرۇشاتتى...

شۇ تاپتا هۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەر ئەمدى ئوك مىنىۋالغان كۆك ئېشەكنى كىچىك پېشىللىق بىلەن يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئېسىل كىيىنىۋالغان، بېشىغا يوغان سەللە ئوروۋالغان چاكارغا ئوخشايتتى. قەلەندەر بولسا ئېشەك ئۈستىدە كىدىيىپ ئولتۇراتتى، كىشىلەر هەيران بولۇپ قارىشاتتى. هەي، هۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ بىر ئەرزىمەس قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، هەي تەتۈر پەلەك...

× ×

ئەلەم ئاخۇنۇم كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىدىن يېتىلەپ باراتتى. كۆڭلىدە قىلچە كىر ـ پۇشايمان يوق ئىدى. ئۇنىڭ هەممە هەرىكەت ـ قىلىقلىرىدىن ئۇلۇغۋار بىر زاتقا، نامى كەلگۈسىدە ئەسىرلەر بويى ئۆچمەيدىغان بىر مۆتىۋەرگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى. سىرلىق ـ نامەلۇم بىر كەلگىندى قەلەندەرگە قىلىۋاتقان مۇشۇ خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كەمتەر نامىنىڭ يەنىمۇ

ۋايىغا يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەخ-
لەت ئارىسىدىكى گۆھەرنى تونۇيالايدى-
غان كۆزلىرىنىڭ يەنىمۇ داڭقى چىقىدى-
غانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ قىلچە نومۇس
قىلماستىن جۇلدۇر كېپەن قەلەندەرنىڭ
ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ
ھەر بىر قەدەمى ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ
قالغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا سىرلىق
خىياللارنى قالدۇرۇپ باراتتى. ھاڭ-تاڭ-
لىقنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. ئۇلار
ئاشۇ يۈرۈشىدە «خەلپىلىك ھويلا» غا-
خوجا ئەۋلادى بولمىش، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ
خانىدانىغا يېقىنلاپ باردى. «خەلپىلىك
ھويلا» نىڭ ئارقىسىدىكى «مۇپتى غوجام»
مازىرىنىڭ خادا - شەددىلىرى، تۇغ - ئە-
لەملىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قا-
تار - قاتار ئۈجمە دەرەخلىرى يولغا قو-
يۇق سايە تاشلاپ، كىشىگە ھوزۇر بېرەت-
تى. كۆك ئېشەك ھۆرمەت - ئىززەت ئىچى-
دە «خەلپىلىك ھويلا» نىڭ ھەشەمەتلىك
دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز بوسۇغىسىدىن ئات-
لىدى. ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىلار، نە-
قىشلىك دىراۋزۇن ھۆسن بېغىشلاپ تۇر-
غان پېشايۋانلار، ئاستىمۇ، تاملىرىمۇ زىل-
چا-گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئايۋان-سا-
رايلار قەلەندەرنىڭ دىققىتىنى قىلچىمۇ
جەلپ قىلالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئې-
غىل تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆك ئې-
شەككە ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، مېھ-
مانخانىغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە
كۆك ئېشەككە قارىتىلغان «كىم سېنى سال-
پاڭ قۇلاق، تۆت ئاياغلىق بولسۇن دەپ-
تۇ؟ جىسمىڭدا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى
بار تۇرۇقلۇق مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ
قىلىشتىن چەتلىتىلدىڭ، ھەي، بىچارە...»
دېگەن پىكىر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن قاردەك
ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غاز بولسا، ئىككى
تەرىپىگە ئېغىنا قىلاپ غاقىلدىغىنىچە مېھ-
مانخانىغا — ئوتقاشتەك قىزىل گىلەملەر
ئۈستىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئەلەم ئا-
خۇنۇم تۆت پۇتلۇق ئەمەس، ئىككى پۇت-
لۇق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇنى توسمىدى.
قەلەندەرنىڭ بولسا رايى شۇ ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشام ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خو-
تۇن، بالا-چاقىلىرى، غالچا-مەدىكارلىرى،
دېدەك - چۆرىلىرى پۇتى كۆيگەن توخۇ-
دەك پايىپېتەك بولۇپ، قەلەندەر ئۈ-
چۈن پۈتۈن بىر ئاخشام خىزمەت قىلدى.
جاھاندىن تېپىش مۇمكىن بولىدىغان
نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەلەم ئا-
خۇنۇمنىڭ خانىدانىدىن تېپىلاتتى. توخۇ
سۈتىدىن باشقا ھەممە يېمەكلىكلەر داس-
تىخانغا تۆكمە قىلىندى، لېكىن قەلەن-
دەر كەم ئىشتىھا ئىدى. ئۇ قوغۇن - تا-
ۋۇزلارنى، بېھى، نەشپۈتلارنى كۆك ئېشەك-
كە چىقارتىپ تۇردى. ھالۋا - مانتۇلارنى
تەخسىسى بىلەنلا غازغا ئۆتەندى. ئەڭ
ئاخىرىدا يېڭى ئۈزۈلگەن ئانارلارنى ئال-
قىنىغا ئۇۋاپ، غازنى قۇچىقىغا ئېلىپ،
ياقۇتتەك ئانار دانىلىرىنى ئۇنىڭغا بىر-
بىرلەپ يېگۈزدى. قەلەندەر پۈتۈن بىر
ئاخشام داۋامىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىدى.
مۇبارەك نەزەرلىرىنى، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ
تەشنا چېھرىلىرىگە بىرەر قېتىممۇ تاشلاپ
قويمىدى. ئۇ گويا قەلب دۇردانىلىرىنى
ئەلەم ئاخۇنۇمدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك،
ئېسىل نەزەرلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا
تەقدىم قىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈ-
نەتتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا،
ئەلەم ئاخۇنۇم لەۋ يىرىپ: «ھەزرىتىم،
تاھارەتلىرىنى يېڭىلىۋالامدىلىكىن؟» دەپ

سورىدى، قەلەندەردىن ھېچقانداق ئىنكاس قايتمىدى. «ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئەلەم ئاخۇنۇم تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئەنە شۇ چاغدا قەلەندەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ: «مەن ھەر قانداق ھەمدۇسانانى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئاخشامدا چاچقان قەلب دۇرلىرى پەقەت شۇلا ئىدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران بولدى ۋە ئارقىدىنلا چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن سىرنى چۈشەنگەندەك ئىپادىنى جىلۋە قىلدۇردى. ئۇ قايتا - قايتا ھوزۇرخالىق ئېيتىپ ناماز خۇپتەنگە چىقىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتىمنى يالغۇز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلىدى. قەلەندەر گويا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىئىنكاس ئىدى...

ئەلەم ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كىرگەندە، قەلەندەر چىلىمنى خورۇلدىتىپ، نەشە چېكىپ ئولتۇراتتى. زىلچا - گىلەملىك مېھمانخانىنى نەشە ھىدى قاپلىغانىدى. قەلەندەر ئۆپكىسىدىن ياندۇرغان ئىسسىق غازنىڭ تۇمشۇق - بۇرنىغا قارىتىپ پۈۋلەيتتى. غاز ئىللىپىسسىمان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە بوش - بوش غاقىلدىدى، كېيىن تېخىمۇ شوخلىنىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، گىلەم ئۈستىدە غاقىلداپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاق لىباسلىق رەققاسقا ئوخشايتتى. شوخلۇق بىلەن غاقىلداشلىرى بولسا كېچىچە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ساما سېلىپ چىققان سوپىنى ئەسلىتەتتى. قەلەندەر نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ قىسقىغىنا دۇئا قىلدى ۋە شۇ زامات ماموق ياستۇققا يانپاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەلەم ئاخۇنۇممۇ ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، مېھمانخانا ئىشىكىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ نەزەر سالغىنىدا، قەلەندەر ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. سىيىپ - چېچىپ، بېزەپ قىلىۋېتىلگەن مېھمانخانا ئىچىدىن گەندىنىڭ سېسىق ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. گىلەم ئۈستىدىكى ئالامەتلەردىن كۆك ئېشەكنىڭمۇ مېھمانخانا ئىچىدە تۈنىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوغۇن - تاۋۇز، بېھى - نەشپۈتنى كۆپ يەپ، شاتىراقلاپ قالغان كۆك ئېشەك ئوتتۇقاشتەك قىزىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئادەم گەندىسى، ئېشەك تېزىكى، قۇش مايىقى ئارىلىشىپ، چېچىلىپ ياتاتتى... سېسىق پۇراق بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ، تامغا يېزىپ قويۇلغان «ماڭا قىلىنغان ئىززىتىڭگە سىيىمەك ۋە چېچماق كېرەك» دېگەن خەتلەرنى كۆردى ۋە بۇنىڭ يېڭى توقۇلغان بىر غەزەلنىڭ تۇنجى مىسراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى سىرلىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ كېلەتتى...

ئۇزاق يىللار ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلەر ئەۋلىيانىڭ «خەلىپىلىك ھويلا»غا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى، ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىنى، نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىنى، مېھمانخانىغا سىيىپ - چىچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قال-

مىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا مۇقەدـ
دەس جەندە بـ كۇلاھىسنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا
قالدۇرۇپ كەتكەن، دېيىشەتتى. رىۋايەت
قىلىنىشىچە، قەلەندەر نەشە چېكىپ قىلـ
غان دۇئاسىدا: «ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەلەمـ
لىك مۇقامىدا ئۆتكەيسەن!» دەپ سىھرىي
ئالامەت قىلغانىمىش. ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ
كېيىنكى ئەۋلادلىرى سۇلايمان ئەلەم،
شەمشىدىن خوجا ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ
تاكى ئەخمەتتوختى ئەلەمگىچە ئەۋلادمۇ
ئەۋلاد ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئاشۇ
سىھرىي ئالامەتنىڭ ۋەجىدىنمىش. مېھـ
مانخانىغا سىيىپ ـ چىچقانلىقى بولسا،
ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى يوشۇرۇن ـ پىنـ
ھان تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئىشىمىش...
يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەنـ
دەر شۇ قېتىمقى دۇئاسىدا، «قىزلىرىڭ
ئۆمۈرۋايەت تۇل قالغاي!» دەپ قاغىغانـ
مىش ۋە خوتەنگە ئەلەم بولغانلارنىڭ
قىزلىرىغا ئەر چىقماسلىقىدىكى سەۋەب
شۇنىڭدا ئىمىش...

بۇ چاغدا قەلەندەر كۆك ئېشەكنى دىـ
ۋېتىپ، يىراق مەنزىللەرنى كۆزلەپ، خوـ
تەن شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپ باراتتى.

× ×

قەلەندەر تاڭ سەھەردە، يورۇڭقاش
دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ پەسەيگەن ۋاقـ
تىدىن پايدىلىنىپ، خېلىلا تۆۋەندىن،
«تاش كېچىك» ئارقىلىق دەريادىن ئۆتـ
تى. ئۇ كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ،
قاراقاش دەرياسىدىكىگە ئوخشاشلا، قوـ
لىنى دەرياغا تىقىپلا، چىلگە قوغۇنچىلىك
كېلىدىغان ئاق قاشتېشىدىن بىرنى سۈـ
زۈپ، خورجۇنىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاشۇ
قاشتېشىنى نېمىگە سۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ
بىلمەيتتى، پەقەت سۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا
سۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ
ئۇزاق ماڭمايلا «ھېلىم ئاتا» مازىرىنىڭ
ئالدىدا زاھىر بولدى. ئېگىز قۇم دۆۋىسى
ئۈستىگە چىقىپ، يىراققا ـ شىمالغا نەزەر
سالدى. ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرى يورۇڭـ
قاش دەرياسى بويىدا بىر سىزىق ئۈستىگە
تىزىلىپ، يىراق ـ يىراق چېچىلىپ ياتقان
«توغيانچى» مازىرىنى، «ئىمامى ھاشىم»
مازىرىنى، «ئىمامى پەتتار» مازىرىنى،
«مازار تاغ» نى بىمالال كۆرەتتى. ئۇ
ئۇزاققا سوزۇلغان چوڭقۇر خىياللاردىن
ئويغىنىپ، قۇم ئىچى بىلەن شەرققە يۈـ
رۈپ كەتتى. چۈشكە قالمايلا «ئىمامى
ئاسىم» ۋە «ئىمامى قاسىم» لارنىڭ قەبـ
رىسىگە يەتتى. ئۇ بۇ يەردە ئىمامى ئاسىم ۋە
ئىمامى قاسىملارنىڭ روھىغا دۇئا ـ تەكـ
بىر ئېيتمىدى، سەنسىۋىل كاپىرنىڭ قەبـ
رىسىگە سىيىپ ـ چىچىپمۇ يۈرمىدى. پەـ
قەت چىلىمنى خورۇلدىتىپ بىر پەنەك
نەشە چەكتى. قۇمغا كۆمۈلۈپ، كۈننى كېـ
يىنكى كۈننىڭ ئاپتىپى قىزدۇرغىچە ئۇخـ
لىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ،
سۇي، جىيا دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ،
يورۇڭقاش دېگەن يېزىدا «ئۇشلۇقۇم ماـ
زار»، «قارا ساقال مازار غوجام»، «ئىماـ
مى مەھەممەت نەقىي مازار غوجام»، «ئىـ
مامى مەھەممەت تەقىي مازار غوجام»ـ
لارنى يوقلاپ، لوپنىڭ يېزا، جاڭگاللىـ
رىنى ئارىلاپ، «دول» دېگەن يەردە «باغـ
دات پاششايىم» غا كېلىپ چۈشتى. قاراـ
قاشنىڭ «چېدىرقۇم» دېگەن يېرىدىمۇ
«باغدات پاششايىم» نى كۆرۈپ ئۆتكەنلىـ
كىنى ئەسلەپ، ھەيران بولدى. «دول» ـ
دىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ «ساھپۇلا» ①

---

① ساھپۇلا ـ لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى.

دېگەن قەدەمكى يۇرتنىڭ تاشلىق قەبرىستانـ
لىقى ئارقىلىق تاغ ئۈستىدىكى ساي بىـ
لەن ئۇدۇل «ئاچچىق» دېگەن يەرگە راـ
ۋان بولدى. «ئۈجمە مازار غوجام» دا
ئۈجمىنىڭ يېرىقىغا قىسىلىپ قالغان زىكـ
رنيا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى
كۆرۈپ، ئۇن بەش كۈن نەشە چېكىپ ئۇخـ
لىدى. تاغ ئىچى ئارقىلىق «چىرىيە» تاغـ
لىرىغا ئۆتۈپ، «ئىمامى مۇھەممەت ئاخىر
زامان» نىڭ تاش ئىچىگە كىرىۋالغان
يىرىنى كۆرۈپ، تاش يېرىقىدىن ئېنىقىپ
چىقىپ تۇرغان كۆز يېشىدا بىر يىل يۇـ
مىغان يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆتتى.
«چاقار» ①دا «ئىمامى خۇدا سالىم» مازىرىغا،
«ئىماملا» ② دېگەن يەردە ھەزرىتى
تۆت ئىماملارنىڭ شېھىتلىكىگە يولۇقتى.
ئۇ يەردىن كىرىيىنىڭ «پولو» تېغى ئارـ
قىلىق «نىيا» تاغلىرىغا ئۆتۈپ، «كۆك
مەرەس» دېگەن يەرنىڭ ئۈستىدىكى «ھۇنـ
جىلە خېنىم» مازىرىغا يەتتى. ئۇ يەردە
ئۇيۇلتاشنىڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ تۇراتـ
تى. يۈز - كۆزلىرىنى، ئۇسۇپ دولىسىدىن
ساڭگىلىغان قارا چاچلىرىنى يەنە بىر قېـ
تىم يۇدى. تاغدىن پەسلەپ «كۆك مەرەس» ـ
تە «ھەسسۇلتىنىم» غا يولۇقۇپ، ساي بىـ
لەن نىياغا كېلىپ چۈشتى. تەلپەكچىلىك
كېلىدىغان بۇ كىچىككىنە يۇرتنىڭ ئوتتۇـ
رىسىدا، «قالماق قۇدۇق» دېگەن يەردە
«شېھىتلىك پاششايىم» نى كۆرۈشكە مۇيەسـ
سەر بولدى. نىيالىقلار
«شېھىتلىك پاششايىم» نى ئاچقۇچى، «ئىـ
مامى جەئفىرى سادىق پاششايىم» نى
قۇلۇپى دەپ چۈشەندۈرۈپ؛ «شېھىتلىك

پاششايىم» غا دۇئا قىلمايلا «ئىمامى جەئـ
فىرى سادىق پاششايىم» غا بارسا دۇئاـ
سى ئىجاۋەت بولمايدۇ دەپ «قالماق قۇـ
دۇق» تا تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشنى تەۋسىيە
قىلاتتى. قەلەندەر «شېھىتلىك پاششايىم» نـ
دىمۇ باشقا مازارلاردىكىگە ئوخشاشلا نەشە
چېكىپ، تەمبۇر چېلىپ ئۇن بەش كۈن
ياتتى. ئۇندىن كېيىن چۆل ئىچىگە ئاتـ
لىنىپ «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشـ
شايىم» غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى... ئۇ نېـ
مىشقىدۇر يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ بارماي،
مازارمۇ مازار چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىـ
رەركىم پالانى يەردە مازار بار دېسە، شۇ
ياققا قاراپ كېتىۋېرەتتى. مازارلاردا دۇـ
ئا قىلمايتتى. ئىستىقامەت قىلىپ، تىلەك
تىلەپ، شاخ يېرىپ، بىرەر كىمنىمۇ قارغىـ
مايتتى. نامى ئانچە مەشھۇر ئەمەس كىچىك
مازارلاردا توختىماي، چوڭراق مازارلاردا
ھەپتە، ئۇن بەش كۈن، ھەتتا قىرىق كۈن
توختاپ، مازاردا ياتقان مۇقەددەس زاتلار
بىلەن سىردىشاتتى. ئۇلارنىڭ تەزكىرەـ
كەچمىشلىرىدىن ئۆز سوئاللىرىغا جاـ
ۋاب ئىزدەيتتى. ئاشۇ مۇقەددەس زاتلار
ئۇنىڭ نەزەرىدە مەشھۇر ـ مەشھۇر ئەمەسـ
لىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىنسانىي كاـ
مالەتكە قانچىلىك يېقىنلىقى بىلەن پەرقـ
لىنەتتى». ئۇ ئاشۇ مازارلاردىن «ئۆزى» نى
ئىزدەيتتى؛ ئۆزىنى تاپسىلا ھەقنىمۇ تاـ
پالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ ئۆزىنى
ئاشۇ ماشايىخلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كاـ
مالەت يولىغا ئىنتىلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ
تىرىكلەر ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇـ
ڭىمۇ مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرەتتى...
قەلەندەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالـ
دىداجاۋابكار ئەمەس ئىدى. مازارلارنىڭ
گۈمبىزىگە باش قويۇپ ھەپتە، ئۇن بەش

---

① چاقار - چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

② ئىماملا - چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ ناـ
مى بولۇپ مازىرى بوستان دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆن، قىرىق كۆن چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىدا، يەنىلا ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ئىزدەيتتى. ئۆزىگە بولغان جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسىنى تېپىشقا قىستايتتى. ئۆزىنى، ئۆز كامالىتىنى تاپالمىغانسېرى قەلبى ئۇلۇغ بىر ئىشقى گۈلخانىدا كۆيەتتى. ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشىق ئوتى قەلبىنى تاۋلايتتى. تاۋلانغان قەلبتىن يېڭى - يېڭى ھېكمەتلەر پىشىپچىقاتتى. «ھېكمەت كۆپ جايدا قايغۇمۇكۆپ». ئۇ ئازابلىناتتى، پۇچۇلىناتتى، بىيدى - بىيدا بولاتتى…

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ مازارلاردا، شەيخنى، تاۋاپچىلارنى ئۇلارنىڭ نەزەردىكى «كۇپرانە» ھېكمەتلىرى، بىشەرئىي قىلىقلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭى - يېڭى مازارلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالاتتى.

قەلەندەر «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» مازىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئاشۇ يەردە «ئۈچ يىل ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئۈچ يىل چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنى ئىزدىدى، ئۈچ يىل نەشە چېكىپ ئۇخلىدى» دېيىشمۇ بولاتتى. پەقەت ئۇ ھەر يىلىنىڭ سەيلە - تاۋاپچىلار توپلىشىپ كېلىدىغان ئايلىرىدىلا خىيالدىن ئويغىناتتى. تەمبۇرىنى سايرىتىپ، ئۇلارغا يېڭى - يېڭى غەزەللەرنى، يېڭى - يېڭى ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ مەنالىق غەزەللەر ھۇماي قۇشىنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دەستە - دەستە گۈللەردەك چېچىلاتتى، ئۇنىڭغا مەيلى سەيلە-تاۋاپ مەزگىلى بولسۇن، مەيلى يىلنىڭ باشقا مەۋسۇملىرىدە بولسۇن نەشە ياكى ئوزۇق تۆگەپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەر يىلقى سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمىدا تاۋاپچىلار ئۇنىڭغا ۋە شەيخكە ئاتاپ، قارا ياغدەك پارقىراپ تۇرىدىغان مونەك - مونەك نەشىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى، پۈتۈن يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ئالغاچ كېلەتتى، ھەر يىلقى سەيلە - تاۋاپ مەۋسۇمى قەلەندەر ئۈچۈن دەرد - ئەلەملىرىنى، قايغۇ ئازابلىرىنى ئۇنتۇش مەۋسۇمى بولاتتى. ئۇ ئاشۇ پەيتلەردىلا ئەسلى ئادەملىكىگە قايتقان، خىيالىي ئالەمدىن رېئال دۇنياغا يېنىپ چىققان، ئازاب دېڭىزىدىن ئاراملىق قىرغىقىغا ئۆلىشىۋالغان بولاتتى. تەمبۇر چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ ئادەملىكىنى، ئادەملىك ھېس - تۇيغۇسىنى، ئارامىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. تاۋاپچىلارغىمۇ ئاشۇنداق كۆرۈنەتتى. سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمى ئاياغلىشىپ، تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى شالاڭلىشىدىغان چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە باشلىناتتى. ئازاب دېڭىزى دولقۇنلايتتى. قەلبىدىكى دەرد-ئەلەم گۈلخىنى يالقۇنجاپ، ۋۇجۇدى كۆيگەن كاۋاپتەك پىژىلدايتتى. نەشە چېكىپ ئازابلارنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇناتتى، چوڭقۇر ساماۋى خىياللارغا بېرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى…

قەلەندەر «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» مازىرىدىن ئۈچ يىلدىن كېيىن يېنىپ چىقتى. يېنىپ چىقىشىغا ئاشۇ يەردىن ئۆزىنى تاپالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىمنىڭ روھى ئۇنىڭغا ھېچنېمە كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىزدىگەنسېرى ھەقىقىي ئادەملىك تۇيغۇ، ئەرلىك شەھۋەت، ئىنسانىي ئارزۇ ھەۋەس يىراقتىن كۆرۈنگەن ئېزىتقۇ سۇغا ئوخشاش چىمىرلاپ ئۇنى ئازدۇراتتى. لېكىن،

ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى يادىغا چۈشكەندە قەلبى ھەقىقىي ئادەمنىڭ قەلبىدەك ئازابلارغا تولاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئىمامى جەئفەرىم سادىق پاششايىمدىن يېنىپ چىقىۋاتقان يولدا، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى ئىكەنلىكىدىن، تۇغۇلۇشىدىنلا فەنا بولۇپ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىپ قالدى. ئۆزى بىلەن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقىنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىدە ئەلەم ـ نادامەت ئوتى يالقۇنلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلەتتى. ۋۇجۇدى، قەلبى ئاللانىڭ ئىشقىدا ياناتتى، ئاللانىڭ ئىشق قازىنىدا قاينايتتى. يار ۋەسلىگە ئېرىشىش — ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئىشانىغا ئايلانغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مەڭگۈلۈك ۋىسالنى — ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلىپ قالدى. ئەتراپ غايەت يوغان ۋە ئېگىز توغراقلار، بەھەيۋەت ئۆسكەن يۇلغۇنلار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. قەلەندەر دولىسىدىكى خورجۇنىنى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان — ئۇ ئېگىز قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەن كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ئالدى. قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غازنىمۇ شۇ چاغلاردا تۈلكە يەپ كەتكەنىدى. قەلەندەر كۆك ئېشەك ۋە ئاق غازنى ياد ئەتكەن ھالدا بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. ئارغامچىنى توغراقنىڭ پەغەزدەك كۆندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىقىنىڭ ئۇچىغا چەگدى، يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بوينىغا سالدى، ئاخىرقى قېتىم ئەتراپقا — پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى، يىراق ـ يىراقلار كۆز يەتكۈسىز باراقسان توغراقلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، قومۇش ـ يانتاقلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئۆزى مىنىپ ئولتۇرغان توغراق پۇتىقىغا قارىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يەردەم باقىي ئالەمگە ئۆتمەكچى، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئۇلاشماقچى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ نۇرانە سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى...

قەلەندەر ئۆزىنى پەسكە قارىتىپ تاشلىدى. ئارغامچىنىڭ ھالقىسى قىسقىراپ، گېلىدىن بوغدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاخىرقى ئوي كېچىپ ئۆتتى: يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئالەمنى كۆرۈمەن...

لېكىن، مانا شۇ چاغدا كارامەت يۈز بەردى. توغراقنىڭ شۇنچە يوغان پۇتىقى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قەلەندەرنىڭ يالاڭئاياغ تاپىنى يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈكرەك بوغۇلمىغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. قەلەندەر مانا ئۆلىمەن ـ ئەنە ئۆلىمەن دەپ خېلى ئۇزاق كۈتتى، لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويلاپ، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگىپ قالغانلىقى، نەپىسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىر خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قولىنى كۆتۈرۈپ ئارغامچىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ ھالقىسىنى بوشاتتى، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان توغراق پۇتىقىدىن ئارغامچىنى يەشتى. لېكىن، توغراقنىڭ يوغان پۇتىقى تۈزلىنىپ ئەسلىگە كەلمەي، ئېگىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالايىتەن ئېگىپ قويغان قىسماققا ئوخشاپ قالغانىدى. قەلەندەر قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراقـ

قا قاراپ، باقسي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل
قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىـ
نى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئۇ يەرگە كەتكىلى
بولمايتتى...

كىشلەر ئۇزاق يىللار ـ ئەسىرلەر ئۆ-
تۆپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەۋلىيانىڭ«ئىـ
مامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» دا ئۈچ
يىل تۇرغانلىقىنى، ئاشۇ يەردىن قايتىشتا
توغراقتا ئېسىلىپ، خۇدا يىتا ئالا بىلەن تېزـ
رەك دىدارى ۋىسال بولۇش ئارزۇسىنى ئىـ
پادىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى.
تاۋاپچىلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تەقدىرنىڭ
ئاشۇ كارامىتىگە ـ قىسماقتەك ئېگىلىپ قالـ
غان توغراق پۇتىقىغا قاراپ ياقىلىرىنى
چىشلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىـ
يا ئاشۇ توغراققا ئېسىلىش ئارقىلىق ئالـ
لانىڭ قۇدرىتىنى سىناپ كۆرگەنمىش.
ئەسلىدە بولسا ئۆز ئەجىلىنىڭ قۇندۇزشەـ
ھىرىدىكى شاھ مەھمۇدخانىنىڭ قولىدا ئىـ
كەنلىكىنى بىلەرمىش. يەنە بىر رىۋايەتتە
ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر «ئىمامى جەئفىـ
رىم سادىق پاشىشايىم» مازىرىدا شاخ يېـ
رىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى نابۇت قىلغان
ھىدايىتۇللا ئاپئاققا جازا تىلىگەنمىش. تىـ
لىكىنىڭ ئىجاۋەت بولغان ـ بولمىغانلىـ
قىنى بىلىش ئۈچۈن توغراققا ئېسىلغاندا،
توغراق ئەنە شۇنداق ئېگىلىپ قالغانمىش،
ئەۋلىيا بۇنىڭدىن تەقدىرنىڭ ھۆكمىسىز
قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە كەلگەن
ھەممە كەلمىشلەرنىڭ تەقدىردىن ئىكەنـ
لىكىنى چۈشىنىۋالغانمىش...

بۇ چاغدا ئەجىلىنىڭ تېخى توشمىغانـ
لىقىنى ھېس قىلغان قەلەندەر خورجۇنىنى
يۈدۈپ يىراقلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى...

× ×

قەلەندەر تۆت يىل ئۆتكەندە غەربكە
قايتىپ خوتەن شەھىرىدىن يەنە بىر قېـ
تىم ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ جەريانىدا، چىرىينىڭ
«ئىماملا» دېگەن يېرىدە شېھىت بولمىش،
ھەزرىتى ئىمامى ھەپتەنىڭ ئوغۇللىرى
بولمىش تۆت ئىماملار ـ ھەزرىتى ئىماـ
مى نەسىردىن، ھەزرىتى ئىمامى مۇئىدىن،
ھەزرىتى ئىمامى زوھىرىدىن، ھەزرىتى
ئىمامى قەۋمىدىنلارنىڭ نەسەپ يىلتىزـ
لىرىنى بويلاپ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆـ
زىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاـ
تىسى ھەزرىتى ئىمامى ھەپتە، ئۇنىڭ ئاـ
تىسى ھەزرىتى ئىمامى قاسىم، ئۇنىڭ ئاـ
تىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەسكەرى، ئۇنىڭ
ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى نەقىي، ئۇنىڭ ئاـ
تىسى ھەزرىتى ئىمامى تەقىي، ئۇنىڭ
ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەلى مۇسارىزا،
ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى مۇساكازىم، ئۇنىڭ
ئاتىسى ئىمامى جەئفىرىم سادىقلارنىڭ
قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەندىن
كېيىن ئۇ مۇشۇ ئىخلاسمەن خوتەنلىكلەرـ
نىڭ «تۆت ئىمام» لارنىڭ ھەممە
بوۋا، ئەجدادلىرى ئۈچۈن خاتىرە ـ ئابىـ
دە تىكلەپ، قەبرە تۇرغۇزغانلىقلىرىدىن
ھەيران قالدى. ئۇ يەنە ئاشۇ تۆت ئىـ
ماملارنىڭ يەنىمۇ يىراق بۇغۇن، يىلتىزـ
لىرى بولمىش ئىمامى جەئفىرىم سادىقـ
نىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى مەھەممەت
باقىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى
زەيدىنىلئابىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى
ھۈسەن دەشتى كەربالا، ئۇنىڭ ئاتىسى
ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان، جەددى ھەزـ
رىتى مۇھەممەت سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسـ
سالاملار ئۈچۈنمۇ قەبرە ـ ئابىدە تۇرغۇـ
زۇشقانىمىكىنە، دەپ ئويلاپ قالدى. لېـ
كىن ئەل ئىچىدىن سۈرۈشتۈرگەندە بۇنـ
داق ئابىدىلەر يوق بولۇپ چىقتى.

قەلەندەر قايتىشقا‌ــ نامەلۇم، سىرلىق، يېڭى سەپەرلەرگە يول ئالغان شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان «دەشتى خوتەن» گە پۈر كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، گۈزەل شېئىر ـ غەزەللىرىدىن «بىسيار رىغبەت ۋە مەيىل» تاپقان «قەلەندەرىيە» ئۇنىڭ نامىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ «تۇغما ئەۋلىيا» لىقى ھەققىدە يېڭى ـ يېڭى رىۋايەت ـ ئەپسانىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقان بولۇپ، ھەر بىر يۇرت ـ بازارلاردا تەشكىل قىلىنغان «قەلەندەر خانا» لار ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىشەتتى. ئۇنى كۈتۈۋالغان بىرىنچى ئۆتەڭ ـ كىرىيەدىلا، قارلوق ۋە چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» ئۇنۋانىنى تەقدىم ئېتىپ، ئۈستىگە «جەندەئى شاھ قەلەندەر» نى يېپىشتى. ياۋاش، پاكار، تۈكلۈك ئاتنى مىندۈرۈپ قويۇشتى. بۇ ئاشۇ بىمەھەل ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن كۆك ئېشەكتىن سەل ئېگىزرەك ئات ئىدى. ئۇ قايسى ئۆتەڭ ـ قونالغۇغا، قايسى يۇرت ـ بوستانلىققا قەدەم باسمىسۇن، «قەلەندەر شامەشرەپ، شامەشرەپ!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. «قەلەندەرىيە» گە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا زوق قىلىشاتتى. غەزەللىرىنى مۇتالىئە قىلىپ، ھېكايىلىرىنى سۆزلىشەتتى. قەلەندەرمۇ تەرىقەتداشلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززەتلىرىنى رەت قىلمايتتى. ئۆتەڭلەردە ئەمدى دەڭ ئىزدەپ يۈرمەي، بىراقلا «قەلەندەرخانا» لارغا چۈشىدىغان بولدى. ئۇ قەدەم باسقان قەلەندەرخانىلار بىردىن قىزىپ كېتەتتى. خورۇلدىتىپ چىلىملاردا نەشىلەر چېكىلەتتى، داپلار داراڭلاپ، ساتار ـ تەمبۇرلار ياڭراپ، غەزەللەر ئوقۇلاتتى. سوپىلارنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلەر بىلەن باشلىنىشى ئارقىسىدا زىكرى ـ ساما ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى، قەلەندەرلەرنىڭ غەزەل ۋە ساماغا نىقرات قىلىپ ئۇنى قاتقان «ھۇم، ھۇم، ھۇم!» دېگەن بوغۇق ۋە كۈچلۈك ساداسى ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئاشۇ ساما ۋە «سۆۋەت» لەرنىڭ ساداسى ئۇزۇنغىچە ساقلىناتتى...

قەلەندەر قايتىش سەپىرىدە مازار ئىزلەپ، تاغ ئارىلاپ يۈرمەي، يۇرتمۇ يۇرت، كەنتمۇ كەنت كېزىپ چىقتى. پەقەت كىرىيەنىڭ «بوغاز لەڭگەر» دېگەن يېرىدە «ئىمامى غەززالىم» مازىرىغا يولۇقۇپ، مەشھۇر ئىسلاھىيەت ئالىمى ئەبۇھامىت مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت ئەل غەززالىم بىلەن روھىي كامالەتكە يېتىشنىڭ تۆت باسقۇچى ـ شەرىئەت باسقۇچى، تەرىقەت باسقۇچى، مەرىپەت باسقۇچى ۋە ئەڭ ئالىي ھەقىقەت باسقۇچى توغرىسىدا غايىبانە سۆھبەتلەردە بولدى. ئالىمنىڭ «ھەقىقەت باسقۇچىغا ئۇلاشقان ئادەم تېخى مەيدانغا كەلمىدى، ئەخمەق بولما!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەندى. چىرىيەدىكى «ئىمامى جەئفىرىم تەييان پاششايىم» غا كېلىپ، ئۇ كىشىدىن مەشھۇر «ئۇھۇد ئۇرۇشى» ھەققىدە جەڭنامىلارنى ئاڭلىدى. قالغان چاغلىرىدا ساپلا كەنت ـ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئەۋلىيالىق نەزەرلىرىنى سادا خەلققە تەقدىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئارىلىمىغان كىرىيەنىڭ «مۇغاللا»، «قارلۇق»، «چۆپچىلە»، «جاي»، «شىۋۇل»، «لايسۇ» دېگەن يېزا ـ قىشلاقلىرى، چىرىيەنىڭ «گۇلاخما»، «دامىكۇ» دېگەن يېزىلىرى قالمىدى. ئۇ ئاشۇ يەرلەردە ئاددىي خەلق بىلەن ھەمب

نەپەس بولۇپ ئۆتتى.
قەلەندەر خوتەن شەھىرى — ئىلچىگە
یېقىنلاپ كەلگەندە، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇ-
شى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلى-
رىنىڭ «قەلەندەرىيە» تەرىقىتىنىڭ مى-
زانلىرىغا ئۇيغۇن بولماي ۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىلچىگە
جەندە-كۈلاسىنى یېشىپ تاشلاپ، پاكار ئې-
تىنى یېتىلەپ، تەرىقەتسىز يولۇچىدەك
كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر تۆت يىل
ئاۋۋالقىدەكلا ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق، قاينام-
تاشقىنلىق ئىدى. مەدداھلار تەرەپ - تە-
رەپتە سورۇن تۈزۈپ، جەڭنامىلارنى، رى-
ۋايەت- ئەپسانىلارنى سۆزلىشەتتى. زەئە-
نەغمىچىلەر راۋاب، ساتار، تەمبۇر، دۇ-
تارلىرىنى سايرىتىپ «شاھ قەلەندەر مەش-
رەبى سەرسەرى» نىڭ ناخشا -غەزەللىرى-
نى كۈيلىشەتتى. قەلەندەر بىر مەدداھنىڭ
سورۇنىغا یېقىنلاپ كېلىپ توختىدى، ئۇنى
ھېچكىم تونۇمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇ-
نۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قى-
لىپ مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە مەمنۇنىيەت
بىلەن قۇلاق سالدى. مەدداھ ئېغىزلىرى-
دىن تۈپرۈك چاچرىتىپ، نامانگان شەھى-
رىدە ئۇخلاپ ياتقان ياش ۋەگۈزەل بىر ئايا-
لىنىڭ ئۈستىدە سىرلىق ۋە غايىۋانە بىر
شولىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئايالنىڭ
ئاشۇ نۇرنىڭ مەلاقاتى بىلەن ھامىلدار
بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. ھېكايىدىكى
كۆرۈنۈشلەر قەلەندەرنىڭ كۆز ئالدىدا
ئاستا - ئاستا گەۋدىلىنىپ باراتتى...

ياش ئانا بازارغا كەلدى. باققالنىڭ
سېۋىتىدىكى قاشتېشىدەك جۇلالاپ پىشقان
ئۈزۈملەر نۇردىن ھامىلدار بولغان ئانى-
نىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ تولدۇردى. ئانا
ئەنە شۇ ئۈزۈمگە سېزىك ئىدى. ئۇ سې-
ۋەتتىن بىر سېرىق ئۈزۈمنى ئېلىپ رۇخ-
سەتسىز يېدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسى-
قىدىن: «ئەي ئانا، نېمە ئۈچۈن باشقى-
لارنىڭ ھەققىنى رۇخسەتسىز يەيسەن؟ باق-
قالنى رازى قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ
قورسىقىڭدىن غايىپ بولۇپ كېتىمەن» دې-
گەن سادا ياڭرىدى. ئانا ئىگىرگەن يىپى-
نى سېتىپ، باققالنى رازى قىلدى. توق-
قۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆت-
كەندە نۇر ئوغلى تەۋەللۇت بولدى. ئۇ
يەتتە كۈنلۈك بولغاندا يەتتە ئايلىق با-
لىدەك، يەتتە ئايلىق بولغاندا يەتتە ياش-
لىق ئۆسمۈردەك ئۆستى... موللام ئۇنىڭغا
«ئېلىپبە» نى ئۆگەتمەكتە. موللام «ئېلىپ»
دېسە، بالا «ئېلىپ» دەپ تەكرارلايتتى.
موللام «بە» دېسە، بالا «مەندە بەرگىلى
ھېچنېمە يوق» دەپ جاۋاب بېرەتتى. «ئې-
لىپ» تىن ئۇياققا ئۆتكىلى ئۇنىمايتتى.
موللام ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا
بۆزچى موللا ۋەلى بىلەن سەلىمخانغا
ئەرز قىلدى. بالا موللىسى ۋە ئاتا-ئانى-
سىنىڭ ئالدىدا بىردىن «ئېلىپبە» نى سۇ-
دەك يادلاپ ئوقۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھەر
بىر ھەرپ، تاۋۇشنى غەزەل - مىسرالىرى
بىلەن شەرھلەپ چىقتى: «ئېلىپ، ئېلىپ-
تەك قامىتىڭنى ئىپتىدا قىلدىم بۈگۈن...»

شاھ قەلەندەر ئۆزى قاچانلاردۇر بىر
چاغدا توقۇغان غەزەلنى يادىغا ئالدى.
رىۋايەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كېتىۋاتقانلى-
قىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇ-
ۋالدى. ئۇنىڭ ئەزايىدىن ھېچنېمىنى چۈ-
شەنگىلى بولمايتتى. مەدداھ «شاھ قەلەن-
دەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ كېيىنكى
ئىشلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا كىرىشكەندە،
قەلەندەر ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى ۋە
ئىككىنچى سورۇنغا — راۋاب تۇتۇۋالغان

ئەلنەغمىچى غەزەل ئوقۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردىمۇ «شاھ مەشرەپ» نىڭ غەزىلى ئوقۇلۇۋاتاتتى. قەلەندەر نېمىشقىدۇر ئاڭلاپ بېقىشنى ئىختىيار قىلدى. چۈنكى ئەلنەغمىچىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ساز ۋە يېقىملىق بولۇپ، قەلەندەر ئۆزى توقۇغان ۋە ئۆزى ئاھاڭ سالغان ئاشۇ غەزەل ۋە ئاھاڭغا ئاجايىپ پاساھەت كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

ئول دىلبىرى رەنانى مەن يار تۇتاي دەيمەن،
مەي بولسا بىھەم ئاندىن بىر قەترە يۇتاي
دەيمەن؛
ئالەم ھەممە نەيلىدۇر تون-قاش قاراسىدەك،
ئايدەك يۈزىگە باقىپ مەستانە ئۆتەي
دەيمەن.
ئىشق يولىدا كاپىر ئاشىققا قىلار تەنە،
بىر ئۇۋ ئىلە كاپىرنى ئۇرۇپ يىقىتاي
دەيمەن.
كۆز ياشىم دەريا بولدى، دوزاخ ئوتىدا
مەشرەپمەن،
ئىشق ئوتىدىن تاۋلاپ دوزاخنى قورقىتاي دەيمەن.

قەلەندەرنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەلدى. راۋابچى ئۇنىڭ غەزىلىدىكى «زاھىد» دېگەن سۆزنى «كاپىر» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ، مەنىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن، غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا رىتىممۇ بۇزۇلغانىدى. قەلەندەرنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى، چېچى ئۆسۈپ دولىسىغا چۈشكەن، چاچ - ساقاللىرى قارا قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىنى مەينەت باسقان راۋابچىغا تىكىلىپ توختاپ قالدى. شۇ ئەسنادا راۋابچىنىڭ يېڭى سۆزلىرى قەلەندەرنىڭ قۇلىقىغا كىردى: «ئەي شەخسلەر، پېقىر شا مەشرەپ سەرسەرى ھەر قايسىڭلاردىن سەدىقە تىلەيدۇ، ئاللا ھەققى، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ھۆرمىتى ھەققى...»

قەلەندەر ئەندى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. تەمبۇرنىڭ ئۇزۇن دەستىسى بىلەن راۋابچىنىڭ يالغان ئېيتقان ئاغزى-بىرىغا ئۇرغىسى كېلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ خىتاب قىلدى:

— شامەشرەپ سەدىقە تىلىمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىدۇ، سەن شامەشرەپ ئەمەسسەن...

— مەن شامەشرەپنىڭ ئۆزىمەن.

— ئەمەسسەن.

— دەل شۇنىڭ ئۆزىمەن.

— ئۇنداق بولسا قېنى، دەرھال بىر يېڭى غەزەل توقۇپ باق.

— ...

راۋابچى دۇدۇقلاپ قالدى، ئارقىدىنلا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— بابارەھىم ئاتلىق، شامەشرەپ لەقەملىك مىنەلھەقمەن!

— يالغان!

— راست!

— يالغان...

ھىلال ئاي شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلغان ئاڭلىغۇچىلار ئالمىقاچان بۇرۇلۇپ قەلەندەرگە قارىشىپ قالغانىدى. قەلەندەر ئېيتىغا سەكرەپ مىندى-دە، «ماناقارا» دەپ، تەمبۇرنى سايرىتىپ غەزەل ئوقۇشقا كىرىشتى. كىشىلەر توپى ئىچىدە قەلەندەرنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇ ھامان «شامەشرەپ، شامەشرەپ دېگەن شۇ، شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى دېگەن شۇ» دېگەن پىچىرلىشىشلار سورۇننى بىر ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن

نەزەر تاشلىشاتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى
يالغانچى راۋابچى غىيپىدە تىكىۋەتتى،
ئۇ مەھكىمە شەرئىيگەكۈپۈر سۆزلەيدىغان
قەلەندەرنى ئۇچرا تقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆ-
زىنى «مىنەلھەقمەن» دەپ جاكارلىغانلى-
قىنى چېقىشقا كەتكەنىدى.
قەلەندەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراپ
كەتتى:

ئەيىۋھەل ئەشراقى بوي ۋەسلى جاھان كەلتۈرمىشىم،
ئۆرگۈلۈپ قەشقەرمۇ، يەركەن، ئىلچى ئامان كەلتۈرمىشىم،
گاھ مۇغاللا①، گاھى قارلۇق②، چۆپچىلە③، جاي④ كەنتىدىن،
كەچقۇرۇن ئاتقا بوغۇز بىرلە سامان كەلتۈرمىشىم،
گاھى شىۋول⑤، گاھى لايسۇ⑥، گاھ گۈلاخما⑦دىن ئۆتۈپ،
چىرايلىقتىن قاق تىلەپ، ئىششەك چىلان كەلتۈرمىشىم.
ئىلچى - يورۇڭقاش شەھىرىدىن گۆش - ياغۇ، چاي ئېلىپ،
قاراقاش بازارىدىن ئەبجۇش قازان كەلتۈرمىشىم،
بىناۋالەر بىرلە گۈلخاندا كۆكۈللەر شاد ئېتىپ،
دەمىمۇدەم ھۇناتىۋان ئاھۇ پىغان كەلتۈرمىشىم.
مەشرەبا ئۆمرۈڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ،
قانۇ جاننى كۆيدۈرۈپ يارغا ئىمان كەلتۈرمىشىم.

...

غەزەل ئاياغلاشقاندا، بازاردىكى پۈتكۈل
خالايىق شاھقەلەندەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاش-
قانىدى. تەرىقەت پېشىۋاسىنىڭ يېتىپ كەل-
گەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خوتەن قەلەندەر-
لىرى ئالىقاچان يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئو-
رۇۋېلىشقان. ئۇلار ئۇنىڭ مۇبارەك ئۇزەڭ-
گۈلىرىگە لەۋ تەگكۈزۈشكە، يۈگەن بېغىغا
ئېسىلىشقا، ئېتىنى يېتىلەشكە ئالدىرى-
شاتتى. ئۇلار شاھ قەلەندەرنىڭ ئېتىنى
سۆرىگەندەك، يېتىلىگەندەك، ئىتتىرگەن-
دەك، كۆتەرگەندەك قىلىپ ئالامانىنىڭ
ئارىسىدىن ئېلىپ ماڭدى. بىرلىرى
«سەرسەرى، سەرسەرىم!» دەپ ۋارقىرى-
شاتتى. شاھ قەلەندەر بولسا توختى-
ماي غەزەل ئوقۇيتتى، بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى.

ئۇ گويا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، پەر-
ۋايى پەلەك ھالدا قەلب مۇڭلىرىنىڭ چوڭ-
قۇر كۆيى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ
تۇساتتىن مۇڭلۇق «ھۆكمەت» باشلىدى.
ھۆكمەتنىڭ نىقراتىغا ھەممە قەلەندەر-
لەر ئۈن قاتتى. جازاباتلىق سوپىلار ئال-
لىقاچان پاكار ئاتنىڭ ئەتراپىدا زىكرى-
سامانى باشلىۋەتكەنىدى. «ھۇم، ھۇم، ھۇم!»
قىلغان تەلقىن ئاۋازى گۈرۈلدەيتتى...
ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاستا - ئاستا ئالغا
سىلجىپ «سۇمە» گە-«قەلەندەرخانا» غا
كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ
كۈن ئىچىدە «سۇمە» دىن «ھۇم! ھۇم!
ھۇم!» قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي
ئاڭلىنىپ تۇردى. ھاۋا لەرزىگە كېلىپ،
شەھەر ئاسمىنى گۈرۈلدەيتتى. گوياخوتەن

①②③④⑤⑥ بۇلار كىرىيە ناھىيىسىدىكى يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ نامى.
⑦ بۇ چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

ئاشۇ بوغۇق، مۇڭلۇق، گۈركىرەك ئاۋازى
ئارقىلىق ئاھ ئۇرۇپ ناله قىلىشۋاتقانغا
ئوخشايتتى.

ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كې-
يىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئاشۇ زىكرى ـ ساما-
نى، بوراندەك گۈرۈلدىگەن تەلقىن ئاۋا-
زىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار «شاھ قە-
لەندەر مەشرەبى سەرسەرى» بىزنىڭ«سۇ-
مە»دە «سۆۋەت» ئۇيۇشتۇرغان، پۈتۈن شە-
ھەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان
دېيىشىپ يۈردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە،
ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خوتەن-
دە «قەلەندەرىيە»نىڭ ئۆز قۇدرىتىنى
نامايان قىلىپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ
ۋەجىدىنمىش...

ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سو-
زۇلغان زىكرى ـ سامانىڭ ئاخىرقى كۈنى
شاھ قەلەندەر «سۇمە» دىن ئۈن ـ تىنسىز
غايىپ بولدى. ئۇ يېڭى ـ يېڭى ئىشانلار-
نى كۆزلەپ، ئۇزاق سەپەرلەرگە يول ئال-
غانىدى.

× ×

شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى خو-
تەندىن كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ توغرىسى-
دىكى رىۋايەتلەر ئۈچ ئەسىردىن كېيىن-
مۇ ئۇنتۇلمىدى. كېيىنكى ئۇزاق زامانلار
جەريانىدا يەنە نۇرغۇن شاھ قەلەندەرلەر
ئوتتۇرىغا چىقىشتى. تاكى مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ 50 ـ يىللىرىدىمۇ شا ئەيساخان ئى-
سىملىك چىرايلىق، قارا ساقال، قارا بۇ-
رۇت، قارا كۆز، بوستان كىرپىكلىرى مەڭ-
زىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاھ قەلەن-
دەر «سۇمە» نى جايى ماكان قىلىپ، ھەر
پەيشەنبە كۈنى قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈ-
رۈپ، توپىلىق شەھەر كوچىلىرىدا غەزەل
ئوقۇپ يۈردى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى-
رەك غوللۇق، ئېگىز بوي تەمبۇرچى شا قا-
سىمخان «قەلەندەرىيە» گە رىغبەت كىر-
گۈزمەكچى بولغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، تا-
كى ھازىرمۇ شامۇھەممەت ـ شاھ پاسارخان-
نىڭ ئوغلى؛ شا قاسىمخاننىڭ ئوغلى ـ كو-
چىلاردا ئادەم يىغىپ راۋابىنى تاراڭلى-
تىپ ئاجايىپ گەپتانلىقى ۋە ھازىرجاۋاب
قوشاقلىرى بىلەن ئەل چېھرىگە كۈلكە يۈ-
گۈرتۈپ يۈرۈپتۇ... ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ
ھېچقايسىسى «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەر-
سەرى» نىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئۇن-
داق گۈزەل غەزەل ۋە چىرايلىق ھېكمەت-
لەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جايىز بولمىدى. غە-
زەل بىلەن كۈينى، كۈي بىلەن غەزەلنى
يۇغۇرۇپ ئۆتەلمىدى. مازارلارنى كېزىپ
«تۆت ئىمام» لارنىڭ ئەۋلاد ـ يىلتىزلى-
رىنىڭ تەقلىدىي قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىل-
ىدىغانلار ھازىرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. لېكىن
شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرىدەك
«ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىم» دا
ئۈچ يىل ياتىدىغانلار چىقمىدى. توغراق-
قا ئېسىلىپ ئاللانىڭ ۋىسالىنى ئىزدەيدى-
غانلار، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزى-
نىڭ كامالىتىنى قوغلىشىدىغانلار تېخىمۇ
چىقمىدى... بۇ قەدىمكى يۇرتتىكى ئاشۇ
خەلق ھېلىمۇ تالاي ـ تالاي مازار پاش-
شايىملارنىڭ قەبرىلىرىگە باش قويۇپ يې-
تىپتۇ، خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئەللەي
ناخشىسىمۇ ئاڭلىنىدۇ... شا مەشرەپ خو-
تەن دەشتىدە كېزىپ يۈرگەندە ھېچكىم ئۇ-
نىڭدىن «تەسىراتىڭ قانداقراق» دەپ سو-
راپ كۆرمىگەن بولغىيدى. مەن بۈگۈنكى
كۈندە، ئەگەر ئاشۇ سوئال ئاشۇ چاغلاردا
ئۇنىڭدىن سورالغان بولسا، نېمە دەپ جا-
ۋاب بېرەركىن، دەپ ئويلايمەن...

# نۇرلۇق يول

( لىرىك داستان )

(چىرا خەلقىمىنىڭ ئۈچ تاغلىق يېزىغا تۇتىشىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنى غەلىبە بىلەن تاماملىغانلىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن )

### ئابدۇقادىر مەتسىدىق

## مۇقەددىمە

تەمتىلەپ باسقان تۇنجى بۈيۈك قەدەم،
ئۇنتۇلۇپ ساھىللاردا بولدى غايىپ.
يىقىلماي چامدىغۇدەك بولۇپ قالدۇق،
ئانىلار يۈرمەس ئەمدى رەنجىپ-كايىپ.
بارىمىز ئارمانلاردىن قانات ياساپ،
ئۇپۇقنى يېرىپ ئۆتكەن كەڭ يوللاردا.
مۇقەددەس تىلەكلەرگە بېرىپ ئىلھام،
بوستانلار كۆي تۆكىدۇ ئوڭ - سوللاردا.
بارىمىز بۈركۈت بىلەن قىلىپ بەيگە،
بەختىيار مەنزىللەرنى كۆزلەپ بۈگۈن.
غالىبلىق چوقۇم بىزگە مەنسۇپ، چۈنكى—
يول راۋان، ئىمكان تولۇق، كۆڭۈل پۈتۈن.

1

كۇئېنلۇن تېغى كۆركەم مۇز ھەيكەلدەك،
تۇرىدۇ بوي تالىشىپ ساما بىلەن.
تولىمۇ يېپيېڭىچىسىز سىرتى «گاداي»،
تەكتىگە يوشۇرۇنغان بايلىق - مەدەن.

ئالەمگە يايغان ئۇنىڭ شۆھرىتىنى،
قاشتېشى، ئالتۇن-كۈمۈش، مىس ھەم تۆمۈر.
كۈچ بەرگەن سانسىز ماتۇر - پاراۋۇزغا،
جىسمىنى قۇربان قىلىپ سېخىي كۆمۈر.

چوققىلار قاپلانسىمۇ قار - مۇز بىلەن،
تاغ باغرى چەكسىز كەتكەن يېشىل يايلاق.
ئۆسىدۇ ئۇندا تەسكەن، ياپچان، چۆچۈن،
بابۇنە، شاپ، چاكاندا، توشقانقۇلاق① ...

«پايانداز» ستونىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

خىسلەتتە بىر-بىرىدىن ئارتۇق ئۇلار،
بەزىسى تېپىلىدۇ چېقىلاردىن.
رەنجىگە شىپا كۆزلەپ ھاجەتمەنلەر،
كېلىدۇ ئىزدەپ يىراق - يېقىنلاردىن.

چېھرىدىن نۇر چاقنىغان شۇ گىياھلار،
چارۋىغا ئوزۇق، دورا كېسەللەرگە.
پەسەيتسە تولغاق، زۇكام، قوقاقلارنى،
ئەم بولار جاراھەت، مەڭ، سۆگەللەرگە...

جايلاشقان ئۆزۈك - ئۆزۈك مەھەللىلەر،
قوغلىشىپ ئېقىن، ئوتلاق - ئەلۋەكماكان.
ئەرلىرى مەزمۇت، چىۋەر ئاياللىرى،
مېھنەتتىن كۆلەر قەلبى ئۇرۇپ خەندان.

بۇ تەرەپ جەۋھىرىدە تۆت يېزا بار،
ئۇلۇغساي، چاقار، نۇرى، بوستان ئاتىلىق.
بۇ يەرنىڭ ئېتىكى كەڭ، نېمىتى مول،
سۇلىرى كەۋسەر، مىسال بالدىن تاتلىق.

ئاجايىپ قەھرىمانلىق قىسسىلىرى،
يۈز بەرگەن بۇندا تالاي يىللار بۇرۇن.
چوقتۇرۇش، نوقتۇرۇش② ھەم موللانىياز③،
شۇ سەۋەب پاك دىللاردىن ئالدى ئورۇن.

---

① دالا ئۆسۈملۈكلىرى.

② تارىختا ئۆتكەن بۇددىست ئۇيغۇرلار، ھەربىي قوماندان بولغان.

③ كلاسسىك شائىر، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»نىڭ ئاپتورى.

بولدىلا، بۇ ھەقتە گەپ ئاچماي تۇرۇپ،
سۆزلەيلى تونۇگۇنكى ھېكايەتنى.
دەۋرىمىز ئەۋلادلىرى كۆرۈپ باقسۇن،
بۇنىڭدىكى ئىككى خىل تۇس- قىياپەتنى.

2

«تاغلىقلار» ماكانىنىڭ شىمالىدا،
بىر چۆل بار خەتىرىكۆپ، پەيالى يامان.
ئاز ئەمەس ئۇدا جاندىن ئايرىلغانلار،
ھاياتلىق ئىستىكىدە بولۇپ قۇربان.

چىرىنى — گۇل كەبى بىر ناھىيىنى،
ئاشۇ چۆل ئىككى ياققا ئايرىۋەتكەن.
گوياكى بۇركۇتنىڭ جۇپ قانىتىنى،
بىر دىۋە ھەسەت قىلىپ قايرىۋەتكەن.

ئۆتمۇشتە دەۋر سۇرگەن بەگ-غوجامالار،
بۆلمىگەن بۇ ئىشلارغا قىلچە كۆڭۈل.
چاڭ سالغان ئەكسىچە پاك رىسقىمىزنى،
بىگۇناھ كارۋانلارنىڭ جېنى توكۇل.

يۆلىنىپ ئۆلار چىرىك ھېكمەتكە،
مەيلىچە ئويناتقان زەي قامچىسىنى.
زېمىنمۇ تىترەپ كەتكەن سىڭىرەلمەي،
گۇناھسىز توكۇلگەن قان تامچىسىنى.

يىغلىسا ئەل ھەسرەتتە - نادامەتتە،
كۇلۇشكەن زالىم بەگلەر قەھ- قەھ ئۇرۇپ،
تولغانسا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ئاۋام،
ئىشرەتتە ئۆتكەن كۇن - تۇن بەزمە قۇرۇپ.

ئەمەلنى پۇلغا ئالغان تاجدارلار،
يۇرت ئۇچۇن نىجاد يولى ئىزدىمىگەن.
شاپاشلاپ ئۆزىنىڭلا غېمى ئۇچۇن،
مەزلۇملار ئىقبالىنى كۆزلىمىگەن.

پۇقرالار ماكانلاشقاچ تارقاق - چاچقۇن،
جەم بولۇپ بىرەر پىلان قۇرالمىغان.
قۇرۇتقاچ يىلىكىنى كۇرمىڭ ئالۋان،
يىقىلسا ئورنىدىنمۇ تۇرالمىغان.

شۇ سەۋەب ياسالمىغان چۆلدە بىر يول،
ئەۋلادقا مىراس قالغان سەپەر غېمى.
بەزىلەر ھەپتە يۇرۇپ قوچسا مەنزىل،
بەزىلەر «ئالۋاستى» نىڭ بولغان يېمى.

توقۇلۇپ ۋەھىمىلىك ئەپسانىلەر،
كاج تەقدىر چېكىسىگە ئويغان نەقىش.
ئۇچەيدىن ئەندىز ئالغان چىگىش يوللار،
ئەتكەن ئەل يۇرىكىگە ئازاب بەخش.

تارتىش شۇ ئۇزۇن يولنىڭ تاناپىنى،
ئەلدىكى ئوتلۇق خىيال - ھەۋەس ئىدى.
تىرىكلىك ئىزدەپ يۇرگەن كارۋانلارغا،
بۇ ئالەم ئەپسۇس دوزاخ، قەپەس ئىدى.

ئۇزۇلۇپ قالار ئىدى تەشۋىش بىلەن،
ئۆلارنى يۇرت - مەھەللە، قېرىنداشلار.
ئۇمىد ۋە تەسەللىدىن پۇتەر ئىدى،
كىرپىكتە قېتىپ قالغان مۇڭلۇق ياشلار.

كۆرۇشمەك قايتا نېسىپ بولامدۇ يوق؟
بۇ چىگىش، ۋەزنى ئېغىر سوراق ئىدى.
ئىشىكتىن تەۋەككۇل دەپ چىققانلارغا،
بۇ سەپەر مۇشەققەتلىك سىناق ئىدى.

ياغرايتتى گويا ئۆلۇم سىگنالىدەك،
چۆللەردە كولدۇرمىنىڭ ئۇن سادىسى.
يەتمىگەن تەگرىگىمۇ مىسكىنلەرنىڭ،
پەلەكنى تىترەتكۇدەك ئاھ نىداسى.

قانچىلاپ ئوتلۇق كۆزلەر قوچماي مەنزىل،
قويۇلغان قوزغۇنلارغا ئولجا بولۇپ.
قانچىلاپ ئەزىمەتلەر مۇراد تاپماي،
چىلغىملار جەسەت بىلەن كەتكەن تولۇپ.

قان يىغلاپ بىھوش بولغان نەۋ جۇۋانلار،
تاغ كەبى يۆلەنچۇكتىن ئايرىلغانغا.
ئەەدىلا پەر قېقىشقا تەمشەلگەندە،
ۋاقىتسىز جۇپ قاناتى قايرىلغانغا.

بوۋاقلار دىلىنى ئەزگەن نالە قىلىپ،
تويغانداك يېتىم بولۇپ قالغىنىنى.
گەپ - سۆزدىن ئازغان چاللار سىڭەلمەي،
تەقدىرنىڭ تەتۈر مۇقام چالغىنىنى.

بۇ ئەمەس بوۋىلارنىڭ رىۋايىتى،
ئۆزىچە خىيال بىلەن توقۇۋالغان.
بۇ ئەمەس ۋە ياكى بىر سىرلىق چۆچەك،
قايسىبىر كىتابلاردىن ئوقۇۋالغان.

بۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئۇزۇن تارىخ،
ھەر دىلدا ئەلەم - ھەسرەت قوزغايدىغان.
بۇ شۇنداق قىيامەتكە ئوخشاش بىر ھاڭ،
ھەر قانچە بەدەل بەرسە تولمايدىغان.

3

ئۆتتى يىل، پۈتتى تاقەت، تەۋرەندى ئەل،
ئۇيۇشتى تەگداشسىز بىر قوشۇن بولۇپ.
تەبىئەت قورغىنىغا ھۇجۇم قىلدى،
يۈرىكى قىساس بىلەن كەتكەچ تولۇپ.

ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن بۈيۈك ئىستەك،
ئوت ياقتى بۇ يۈرۈشنىڭ پىلتىسىگە.
قىزىل توغ جەۋلان قىلىپ سەپ بېشىدا،
باشلىدى ئەلنى ئوتتۇق پەللىسىگە.

ۋالىيلار، باشقارمىنىڭ مەسئۇللىرى،
ئايانماي بەردى مەبلەغ قىلىپ ھىممەت.
خەلقىم دەپ پەرۋانىدەك كۆيگەنلەرگە،
ياغدۇردى چىرا خەلقى ئالقىش رەھمەت.

يەڭ تۈرۈپ چىقتى سانسىز پىدائىيلار،
جەڭگاھقا بىرىنچى بوپ ئېتىلغىنلى.
كۆرەڭلەپ گىدەيگەن چۆل دىۋىسىنىڭ،
بېشىدا چاقماق بولۇپ چېقىلغىلى.

قىزىدى تومۇردا قان ئۆركەشلىنىپ،
ئىرادە بۇلىقىدىن تاشتى كەۋسەر.
دەشتىلەرنى ماكان قىلدى تۆھپىكارلار،
شىجائەت ئوكيانىدىن سۈزۈپ گۆھەر.

جەڭ پەيتى ئالدىن يۈرەر قوماندانداك،
ئالدىرىماش بولۇپ كەتتى غوپۇر ۋالىي①.
مەتنۇرى ئەخمەت جۈرىن②يۈممىدى كۆز،
پۇقرانى قىلىش ئۈچۈن غەمدىن خالى.

قورللار جاراڭلىدى چۆل قوينىدا،
بۇزۇلدى بارخانلارنىڭ ئۇيقۇسىمۇ.
يوقالدى سۆڭەك غاجاپ ئادەتلەنگەن،
زېمىنىنىڭ راھەت بەخش تۇيغۇسىمۇ.

چۇقانلار ئۇپۇق بويلاپ قىلدى پەرۋاز،
ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتىنى ئەيلەپ جاكار.
ئېدىرلار چۆمدى ھەيرەت، تەشۋىش، غەمگە،
داۋانلار شۇمشەرىگەنچە تۇتتى ياقا.

سىلكىندى بۇلۇت سۆيگەن كۆمۈش تاغلار،
باش تارتىپ غەپلەتتىكى خىياللاردىن.
چاقنىدى ئۈمىد نۇرى چوققىلاردا،
خۇش خەۋەر تارالدى شوخ شامالاردىن.

ۋە لېكىن ئوغلانلارغا كەلدى تەتۈر،
جەڭگاھنىڭ جاپالىق يەر شارائىتى.
چېكىنسە بوران، دەرھال پۈركۈيتتى ئوت،
قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارىتى.

چېدىرلار ئۇچۇپ كەتتى يىراقلارغا،
كۆمۈلۈپ قالدى ئاش - نان، ئوزۇقلارمۇ.
دېرەكسىز غايىپ بولدى تاناپ تارتىپ،
ھېلىلا قېقىپ قويغان قوزۇقلارمۇ.

نەدە سۇ، نەدە قۇدۇق، نەدە بۇلاق؟
گاھ قۇرۇپ، يېرىلدى لەۋ، ئۆپرىدى جان.
كۆزلەرگە تىقىلدى قۇم دانىچىلىرى،
نىشاننى كۆرۈشكىمۇ بەرمەي ئىمكان.

---

① غوپۇر ۋالىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللانى كۆرسىتىدۇ؛ ② مەتنۇرى ئەخمەت - چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، بۇ قېتىمقى يول قۇرۇلۇشى داۋامىدا باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

توقايلار دال بولمىدى ھېچنېمىگە،
توسقۇنسىز يېغىپ تۇردى باشقا ئاپەت.
يوشۇردى جامالىنى پىنھان جايغا،
رىيازەت چەككەنلەردىن زەپەر- ئامەت.

چۆيۈندەك قاتتىق يەرگە ئۇرۇلغاندا،
قايرىلدى بېسى گۇرجەك، كەتمەنلەرنىڭ.
سويۇلدى ئالقاندىكى قاپارتقۇلار،
بەختىنى كۆزلەپ ئاجىز- دەردمەنلەرنىڭ.

تۇرسىمۇ قۇتراپ جۇدۇن شىددەت بىلەن،
يالقۇنى ئۆچمىدى پاك يۈرەكلەرنىڭ.
پەيلىدىن ياندى ئاخىر جاھىل تۇپراق،
كۈچىنى دەگسەپ قاۋۇل بىلەكلەرنىڭ.

پولاتتەك كۈچلۈك قوللار ئىسكەنجىدە،
سىقىلدى باياۋاننىڭ قانخور گېلى.
پۈكۈلمەس ئىرادىنىڭ زەربىسىدە،
ئۇشتۇلدى تەبىئەتنىڭ مۇدھىش بېلى.

ئويمانلار تىندۇرۇلدى تاش- توپىدا،
يول ئۇلى تەكشىلەندى تۈپتۈز قىلىپ.
پۈركۈلدى ئېرىتىلگەن قاپقارا ماي،
چىڭدالدى ماشىندا بېسىم بېرىپ.

بەش دەريا① تۆپىسىگە قوندى كۆۋرۈك،
ئەل بولدى باتۇرلارغا يەتتە داۋان②
يوقالدى ئۆلۈم خەۋپى كۆكلەردىن،
مەنزىلگە يېتىش ئەمدى بولدى ئاسان.

بۇرۇنقى قىڭغىر- قىيسىق «يول»ئورنىدا،
كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ ئۆزگە بىر يول.
ماتۇرلار سايرىشىدىن شىپا تېپىپ،
جانلاندى ھوشسىز ياتقان ئېدىر،ساي،غول.

ئېلىنىش داۋام قىلدى نەچچە ئايلاپ،
ھېچكىممۇ زارلانمىدى مۇشەققەتتىن،
يېزىلدى مۆجىزىدەك نۇرلۇق داستان،
ئەل- يۇرتقا بېغىشلانغان مۇھەببەتتىن.

تۇتاشتى شەھەر بىلەن يېزا- قىشلاق،
تۇتاشتى ئەلنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈ مېھرى.
تەنتەنە بەزمىسىنى كۆرۈپ ھەتتا،
ئۇرلاندى بوۋاقلارنىڭ پەسەبىي چېھرى.

خەلقىمىز ئويۇلتاشتەك بولغاچ ئىناق،
يۈز ئاچتى مىسلىسىز بۇ شانلىق زەپەر.
ئېچىلدى گۈللىنىشنىڭ نۇرلۇق يولى،
باشلاندى قايناق چېلىش- قۇتلۇق سەپەر.

**خاتىمە**

گۈل قۇچتى خۇش ھىد چېچىپ داللارغا،
ئارماندا كەتكەن ئەجداد قەبرىسىنى.
تاڭالماس قىسمەت ئەمدى ئەۋلادلارغا،
ئۇلارنىڭ تارتىپ ئۆتكەن جەۋرىسىنى.

ئەسىرلىك ئارزۇ ئىلمەك كۈلدى بۈگۈن،
كۈلدى دىل، كۈلدى زېمىن،كۈلدى ئاسمان.
ئىقبالغا قاراپ كۈلدى ئىلھام قىزى،
پۈتكۈسى جەزمەن يېڭى قۇتلۇق داستان.

## ئۆچمەس سادالار

**ئابدۇللەھەد قادىرى**

### « يۈرەك ئوغرىسى »

ئالبۇمىمدا نۇرغۇن سۈرەت بار،
ئۆزۈمنىڭمۇ، ئۆزگىلەرنىڭمۇ.
ئىزناسى بار (ئۆچمەس يادىكار)،
ياشلىقتىكى سەزگۈلەرنىڭمۇ.

ۋاراقلايمەن كۈندە بىر قېتىم،
ھاياجانلىق ھېسقا بوغۇلۇپ.
نېمىشقىدۇر، بىر تال سۈرىتىم،
ئىز- دېرەكسىز كەتتى يوقىلىپ.

① بەش دەريا- چۆرۈش، چاقار، ھەسەن، يۇلچىن، بادىنان دەريالىرىنى كۆرسىتىدۇ.
② يەتتە داۋان- يالچىقىش، سىرىلما قوم، ئاقتاز، توپچا، قېرى قوم، ئېشەكئاتا، ئۇلۇقتا داۋانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىز ـ دېرەكسىز كەتتى يوقىلىپ،
مەن سېنىڭدىن قىلىمەن گۇمان.
چۈنكى قويدۇڭ بىر ئاز چاندۇرۇپ،
ئالبۇمىڭنى كۆرگەندىن بۇيان…

دىل سىرىڭنى ھەرىكىتىڭ بىلەن،
ماڭا ئايان ئېتەي دېدىڭمۇ.
ياكى پىنھان سۇرىتىم بىلەن،
مۇرادىڭغا يېتەي دېدىڭمۇ؟

ئاشۇ بىر تال سۇرەت تۇپەيلى،
يۈرىكىمنى قويدۇم يۇتتۇرۇپ.
سۈرىتىمنى بەرمىسەڭ، مەيلى،
يۈرىكىمنى بەرگىن قايتۇرۇپ.

سوراپ ئالساڭ بېرەتتىمغۇ مەن،
(شۇ ئەمەسمۇ ئىشنىڭ توغرىسى).
بۇ سۆزۈمگە كۆزلىرىڭمۇ تەن،
ئەسلى ئۆزۈڭ يۈرەك ئوغرىسى!

## تەشنا يۈرەك تىترەيدۇ ناردەك

چۈشۈم ئەمەس ئوڭۇمدا دىلبەر،
سۇندى ماڭا قاشتاش جامدا مەي.
يار قېشىڭدا تۇرسا جىلمىيىپ،
قايتۇرغىلى بولامدۇ ئىچمەي.
يار كۆڭلىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن،
كۆتۈرۈپلا ئىچتىم «ياق» دېمەي.
ئاھ، نېمىشقا ئىچمىدىم بۇرۇن،
شۇنداق بولسا مەي دېگەن، ھەي ـ ھەي…!
مەي ئىچمەيتتىم، مەيدىن قاچاتتىم،
مەينى «ھارام» دەيتتى بوۋامۇ.
مەن بىر رايىش، ئاتام «تەقۋادار» —
مەيگە ئۆچ بوپ ئۆستى بالامۇ.
مەيدىن ھەزەر ئەيلىگەنلىرى،
مەستلىكىنى خوپ كۆرمىگەنلىرى،
مەيسىز كۆڭۈل تاپماي قانائەت،
ئىچىشقىلى تۇردى يارامۇ.
توۋا دەيمەن چەكلىك ھاياتتا،
ئەجەب ئىشلار ئۇچرايدىكەنغۇ.
مەست بولمىغان باشنىڭ ۋىنتىسى،
شۇنچە بالدۇر ئۇپرايدىكەنغۇ.

قەدەم باسسام ئالدىمدا سەيەم،
ماڭدامدا بىر مۇدۇرۇش، يىقىلىش!
«ئوك» زوۋانىم ئاڭلاندى «تەتۈر»
تىنىقىمدا تىترەش، سىقىلىش…
گۈل كۆرۈندى كۆزۈمگە تىكەن،
ياتالمىدىم جۆيلۈپ كېچە مەن.
مەيسىزلىكنىڭ كەيپى شۇبولسا،
مەي كەلتۈرگىن، دەردى ئىچمەن!
قېنى دىلبەر، مەينى قۇيغىنا!
ئېتىزلىرىم كەتتى سۇسىراپ.
لېۋىمدە گەز، يۈرىكىمدە چاك،
ۋۇجۇدۇمغا ھاكىم ئىزتىراپ!
پۇچۇلانسۇن ئەبجەش ئەقىدە،
ئىچەي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.
چۈشلىرىمنى قىلىپ مەست ـ بىھوش،
مەن يوقاتقان ئۆزۈمنى تاپاي.
چىقسا مەيلى مەستلىكتە جېنىم،
لەھەتتىمۇ مەي ئىچىپ ياتاي…!

## سەھەردىكى چۈش

قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن موما،
سەھەر كۆرگەن چۈشۈمنى ساڭا.
سۆزلەپ بېرەي،
سەنمۇ بىر چاغدا،
چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنغۇ ماڭا.
چۆچەكىڭدە ساماۋى چۈشلەر،
بار ئىدى ھەم قىزىق كەچمىشلەر.

كىرىپ قاپتۇ بۈگۈن چۈشۈمگە،
سەن سۆزلىگەن ئاشۇ چۆچەكلەر…
ئېسىمدە يوق، ئاخشام كۆرگىنىم،
ئېسىمدە بار، لېكىن سەھەردە.
كۆرگەن تاتلىق چۈشلىرىم ئەمما،
چۆچەك قىزلار، چۆچەك يىگىتلەر.

چۈچەك ئۈندەش، چۈچەك چېكىنتىلەر،
پۈت - قولۇمدىن كۆتەرگىنىچە.
ئېلىپ باردى مېنى ئالدىڭغا،
چۈچەك بولۇپ تۆكۈلدۈم يەرگە.
باسقىنىڭدا مېنى باغرىڭغا.
ئىسىنىۋالدىڭ شۇئان ئېتەككە.

ئوراپ مېنى رەڭدار يېپەككە،
ئېسىپ قويدۇڭ شەپەق بويىنغا!...
ئاھ، شەيقە تىلىك چۈچەكچى موما،
چۈچەك ئېيتىپ بەرگىن، بولاي خۇش.
كۆرەي پات - پات چۈشۈمدە سېنى،
خەيرلىكتۇر سەھەردىكى چۈش!

## يىگىت

**نامانجان تۇرسۇن**

پۇل - مېلىڭ كۆپ بولسىلا سەن «باي» ئاتالمايسەن يىگىت،
مەنىۋى ئاچلىقنى پۇل بىرلە ياپالمايسەن يىگىت.
«پۇل - پۈچەك»— پۇلدىن نادانلىق شەھرىدە تاپساڭمۇ يۈز،
ئىلمىي ئاردى ئالىمدە يۈز تاپالمايسەن يىگىت.
پۇل بىلەن قانداقمۇ ئۆلچەنسۇن يىگىتنىڭ قىممىتى،
قىممىتىڭ ئۆلچەمگە توشماي گۈل ئاچالمايسەن يىگىت.
بەلكى سەن ئويلايدىغانسەن: «بولسا پۇل ھەل ھەممىسى»،
بۇ ئويۇڭ بىرلە ئېلىڭگە كۆچ قاتالمايسەن يىگىت.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ يۈرسەڭمۇ پۇل كۆپ مەندە دەپ،
ۋەزنى سۆلەتتىن يۈرەككە ئوت ياقالمايسەن يىگىت.
ئەل - ۋەتەنگە تۆھپە - نەپسىز يۈرگىنىڭ - يوق بولغىنىڭ،
سەن بۇ ھالدا گۆردىمۇ بىل، تىنچ ياتالمايسەن يىگىت.
پۇلمۇ تاپ، ئىشلەت ئۇنى ئىدراك يولىغا، قۇچ شەرەپ،
بولمىسا يۇرت ئالدىدا يىگىت ئاتالمايسەن يىگىت!

## تۈنلەر ئويغاق، تۇيغۇلار ئويغاق

**گۈلئەنبەر يۈسۈپ**

### پۇراقلار بار

(مۇۋەششەھ)

ئازاب سىڭگەن تىنىقلاردا ھامان ئىشقى - پىراقلار بار،
ۋۇجۇدى تۇرسىمۇ بىللە لېكىن روھى يىراقلار بار.
تاراپ قۇندۇز چېچىمنى يار، ئىرادە بەيلىسە دىلدىن،
نىگار ۋەسلىگە يەتمەككە ئاڭا تۈندە چىراغلار بار.
ئەبەد ئۆلمەس شېئىر چىققاي سېزىملەر پاك، قىران چاغدا،
ئاشۇ روھلارنى ياشناتقان سۆزۈك، سىرداش بۇلاقلار بار.
شاماللار ئەركىلەپ كەلسە ئۇنى باغرىڭغا چىڭ باسقىن،
سەۋەبكى ئۇندا يارىڭنىڭ ھىدى سىڭگەن پۇراقلار بار،

## تەنها

(يىگمت خاتىرىسىدىن)

سېنى ياد ئەيلىدىم دىلدار، دۇتارىمنى چېلىپ، تەنها،
ئاشۇ شېرىن مىنۇتلارنى ئېسىمگە مەن ئېلىپ، تەنها.
شاماللار ئەركىلەپ كەلسە سېنىڭ پەرۋىشلىگەن گۈلۈك،
تاراتقان خۇش پۇراقلارنى سۇمۇردۇم مەن قېنىپ، تەنها.
خىياللار ئەيلىشەر پەرۋاز زېمىن نۇر ئىلكىدە كۈلسە،
تولۇنئاي جىلۋىسى دىلغا بىدارلىقنى سېلىپ، تەنها.
خىيالەن مۇڭدىشىپ چىقتىم سېنىڭ بىرلە ئەجەب شېرىن،
دېرىزەڭ قېشىغا ئاستا پىچىرلاپ مەن كېلىپ، تەنها.

## يىراق بولسۇن...

(مۇۋەششەھ)

يىراق بولسۇن، يىراق بولسۇن، ئازاب مەندىن يىراق بولسۇن،
نىگار بولسا دىلى ئاتەش، دىلىدا ئوت - پىراق بولسۇن.
ئۈمىد تۇغقان تىلەكلەردە شائىرلىقنىڭ تاماسى بار،
پۈتەي تۈنلەردە مەن نەزمە، ماڭا نۇرلۇق چىراغ بولسۇن.
رىتىمسىز يۈرىكىڭ بىرلە يىراقلارنى ماكان ئەيلە،
ئاشۇ پىنھاندا ئاي كۈلگەن سۈزۈك، ئويغاق بۇلاق بولسۇن...
ئەقىدە باغلىماي گۈلگە كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرسەڭ،
ئاشۇ گۈللەردە قانداقمۇ ھەقىقىي بىر پۇراق بولسۇن؟
كۆڭۈل، ۋىجدان سارايىغا ئۆزۈڭ مەيلىڭچە كىرگەيسەن،
شەرەپ بىلگىنكى ئۇ جايدا ساڭا قانچە سوراق بولسۇن.

## پادىچى بالا ناخشىسى

### ئەخمەتجان تۇرۇپ

تۇتۇپ مەھكەم ئالتۇن تاياقنى،
كېتىپ بارار پادىچى بالا.
«تېز ناخشاڭنى ئوقۇپ بەرگىن» دەپ،
قۇچاقىنى ئاچار كەڭ دالا.
ماڭار ھەتتا كۆنمۇ ئەگىشىپ،
بولۇپ قالغاچ شۇ ناخشىغا رام.
ھەيدەپ بالا قويىنى سىلىق،
ناخشا ئېيتار، ئالماستىن ئارام:

— كېلەلمەسكەن بەزى دوستلىرىم،
ئوتلاقلاردا بۆرە بارمىش دەپ.
بۆرىدىنمۇ قورقامدۇ كىشى،
قاچار، كەلسە تايىقىمنى يەپ.
قانداقلارچە كېلەلىسۇن ئۇ؟
تۇرسام تايغان بىلەن شۇنچە ئەپ.
كەلسە قوينى باقساق بىرلىشىپ،
تايغا نىسىزمۇ قوغلايتتۇق ئۇنى،
تۆزىسەك يىزمۇ جەڭچىلەردەك سەپ.




**يۈسۈپ توختى**

«كىشى ھايات يولىدا باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلىرى ئا-رىسىدا، بەختلىك دەپ ئويلىغان زامانلىرىنى ھەر قاچان يادىغا ئېلىشتىن روھلىنىدۇ».

— ئايبېكنىڭ «قۇتلۇق قان» رومانىدىن.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاشۇ كۆنلەرگە يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

قەدىمكى خوتەننىڭ ئىللىق مېھرى يىراق - يىراقلاردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىنى ئۆز باغرىغا يىغقانىدى.

خوتەن ئاسمىنى خۇددى ناۋايى زامانىدىكى ھىرات جامەلىرىنىڭ نەپىس - رەڭدار نەقىشلىرىدەك، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئاسماندىن نۇرغۇن يۇلتۇزلار سا-قىپ چۈشۈپ كەتتى. ئاشۇ سورۇندىكى بەزى زاتلار خاتىرىمىزدە، شۇ كۆنلەردىكى خۇشخۇي سىمالىرىنى قالدۇرۇپ، ئارىمىزدىن مەڭگۈ كەتتى.

دېمەك، ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق بىر جەم بولۇشنى خىيال قىلىشلا مۇمكىن، ئەمما ئۇنى ئەمەلىيەتتە تەكرارلاش مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ شۇ كۆنلەرنى ئەسلەپ، بىر قانچە سەھىپە يېزىپ قالدۇرۇش ئىستىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ.

كىشىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەيدىغان سالقىن باشلىنىپ، شەھەر ئاسمىنىغا چىرايلىق گۈگۈم يېيىلىشقا باشلىغاندا مەن يېقىن بىر سۆھبەتدىشىم بىلەن بىللە، خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ باغ تەرەپ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدىم. كارىدوردا سۇس چىراغ يېنىپ تۇراتتى. كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇستىگە باشتىن - ئاياغ بېغىررەڭ كىيىم كىيگەن، بىزگە تونۇش يازغۇچى ئابلىمىت سابىر بىلەن ياشانغان، ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېرىق يۈزلۈك، ئاق ئارىلىغان چىرايلىق يۇمىلاق بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، سەل ئالدىغا ئېڭىشكەن، مۇلايىم بىر كىشى بىز تەرەپكە قاراپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

— تىنچلىقمۇ؟ بالا - چاقىلار ئامانمۇ؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ مەن ھەش - پەش دېگۈچە سورالغان بۇ ئامان - ئېسەنلىك سوئاللىرىغا تەمتىرەپ، ھەيدۇقۇش ئىچىدە، شۇنداق، ھەدېگەندەك جاۋابلارنى

بېرىپ، ئاران ئۈلگۈردۈم ۋە چىڭ سى-
قىشىپ تۇرغان ئىسسىق قوللىرىمىزنى قو-
يۇپ بېرىشمەي، دەھلىزدىكى سافاغا كې-
لىپ ئولتۇرۇشتۇق. ھېلىقى كىشى بىزدىن
ئايرىلىپ، ئۇدۇلىمىزدىكى سافاغا بېرىپ
ئورۇن ئالدى. بىز ھەممىنى ئۇنتۇپ، قىزىق
پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇق.

بىر چاغلاردا، پاراڭلىرىمىز خېلى ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان بولسا كېرەك، ئۇدۇلىمىز-
دا بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە قۇلاق سېلىپ
ئولتۇرغان ھېلىقى كىشى:

— گېپىڭلار ئەجەبمۇ تۈگىمەي كەتتىغۇ،
سىلەرنىڭ؟ — دېدى — دە، ئوڭ قولىنىڭ
ئالقىنى بىلەن تىزىغا بىر شاپىلاق ئۇر-
دى — دە، بىزگە قاراپ، مۇلايىمغىنا كۈ-
لۈمسىرەپ قويدى.

— ياق، زۇنۇنكا، گەپ تۈگىدى، گەپ
تۈگەپ قالدى، — دېدى سۆھبەتدىشىم ئاب-
لىمىت سابىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

مەن ھەيران بولۇپ، ھېلىقى مويسىپىت
كىشىگە باشقىدىن سىنچىلاپ قاراشقا باش-
لىدىم.

— زۇنۇن قادىر!... بىز ھەمىشە ئويلاپ،
ياد ئېتىپ يۈرگەن، بالىلىق چاغلىرىمىز-
دىن باشلاپ، قەلبىمىز تۆرىدىن ئورۇن ئال-
غان، خەلقىمىز ئارىسىدا يۈكسەك ئىززەت-
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، خەلق بىزنىڭ
يازغۇچىمىز، دەپ ھېسابلايدىغان، سۆيۈ-
ملۈك ئەدىب ئاشۇمىدۇ؟!...

مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تولىمۇ ياخ-
شى كۆرەتتىمغۇ، سۈرەتلىرىنى كۆپ كۆر-
گەن ئىدىمغۇ؟ مەن ئۇنىڭ ناتونۇش
ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى بولسامۇ، ئە-
جەب، بۈگۈن ئالدىمدا تۇرسا، تونۇماي
قاپتىمىنا؟!...

ئەمدى يادىمغا كەلدى، ئۇ مەن تەرەپ-
كە قاراپ، كارىدوردىن چىقىپ كېتىۋات-
قاندا، ئابلىمىت سابىر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ،
ئۇ كىشىگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. راست،
مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ قويغانىكەن-
مەن. «ئالتۇن تۇرسا سايدا،
تونۇمىسا نېمە پايدا» دېگەننىڭ ئۆ-
زى بوپتۇ — دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق
ئاددىي كۆتۈلمىگەن بىر كىشىنىڭ زۇنۇن
قادىر بولۇپ چىقىشى، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم-
غا سىغمايتتى. مانا ئەمدى مەن تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن
چاغلىرىمدىن باشلاپ، غايىۋانە ئىشتىياق
باغلاپ، ھېكايىلىرىنى ئەقىدە — ئىخلاس
بىلەن ئوقۇپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ دىدا-
رىنى كۆرۈشكە خۇدا نېسىپ قىپتۇ، تەق-
دىرنىڭ بۇنداق تاسادىپىي پۇرسىتىدىن
ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم.

ئۇزاق ئۆتمەي «تارىم» ژۇرنىلى بى-
لەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىرلىشىپ
ئۇيۇشتۇرغان بۇ بەدىئىي ئىجادىيەت يىغى-
نى ئۈچ گۇرۇپپا بويىچە ئېلىپ كەلگەن
قولىيازمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش باسقۇ-
چىغا كىردى.

چۈشەندۈرۈش بەھاجەتكى، بۇلارنىڭ ئى-
چىدە قىرىقىنچى يىللاردىن باشلاپ، قولىغا
قەلەم ئېلىپ، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن خەلقى-
مىز ئىچىدە ئۇزۇندىن بېرى نامى مەش-
ھۇر بولغانلارمۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بىزدەك
ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇنى — بۇ-
نى يېزىپ، قەغەز يىرتىشنى ئۆگىنىۋاتقان-
لارمۇ، باھاردىكى نوتىلاردەك، تېخى ياپ-
ياش «موللىچاق» لارمۇ بار ئىدى. چوڭ
گۇرۇپپىلار بويىچە ئەسەر ئۆزگەرتىشتىن
بۇرۇن، پۈتۈن سورۇن ئەھلى بىر يەرگە
جەم بولۇپ، نەمۇنە ھېسابىدا بىر قىسىم
ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قو-

يۇش، تۈزىتىش ئىشى باشلاندى. كۆپچى-
لىك تالاش - تارتىش قىلىشاتتى ، بەزى
ئەسەرلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ
تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلايت-
تى. كۆپچىلىك قاتناشقان سورۇندا، مىڭ
جاپادا پۈتتۈرگەن ئىشىڭىنىڭ ئېغىر نۇق-
سانلىرىنى ئاڭلاش قەلەم ئىگىسى ئۈچۈن
كىشىنى بەكمۇ خىجىل قىلىدىغان ، روھى-
نى تازا چۈشۈرىدىغان بىر ئىش. بىراق
بۇ بىزدەك خام ھەۋەسكارلار ئۈچۈنلا ئە-
مەس، بەلكى، خېلى پىشقان يازغۇچىلار
ئۈچۈنمۇ، تۇيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىد-
غان ئۈنۈملۈك دورا. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە
ئەخمىقانىلارچە ئىشىنىپ كېتىش كېسە-
لىكىگە شىپا بولىدىغان دورا.

مەن بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتىم. بىرەرپار-
چە ھېكايە ئوقۇسام بولارمۇ ياكى قاملاش-
مىغان بىر نەتىجە چىقارمۇ؟

ھاياتىمدىكى پۈتۈن غەم - غۇسسىلىرىم
ئۇنتۇلۇپ، كۆزئالدىمدىكى «سىراجىكۆۋ-
رۈك» تىن قانداق ئۆتۈش غېمى بىلەن
بەنت بولۇپ كەتتىم. ئېلىپ بارغان «ھې-
كايە» لىرىم ئۈستىدە كۈن - تۈن ، كۆڭ-
لەكلىرىمنى سېلىپ تاشلاپ، تەرلەپ- پىش-
شىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتىم . ۋاقىت
ناھايىتى زىچ ئىدى. ئادەم تولىمۇ تىت-
تىت بولاتتى، بىر كۈن بىر يەردە تۇرساق،
بىر كۈن ئۇ يەرگە ماڭغان بولاتتۇق. ۋا-
قىت شۇ يوسۇندا ئالدىراپ ئۆتۈۋەردى...
شۇنىڭغا قارىماي مېھماندوست خوتەن
خەلقى داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپ ، ئۇ-
لارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نېمەتلى-
رى بىلەن كۈتۈۋېلىشاتتى.

ئاخىرىيەتتىنچى ئاۋغۇست، پېشىن مەزگى-
لىدە لاسكوي يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ
يىغىن زالى ئالدىدا ھېكايە ئوتتۇرىغا قو-
يۇش نۆۋىتى ماڭا كېلىپ توختىغانىدى .
گۇرۇپپىمىزدا زۇنۇن قادىر قاتارلىق
ئونبەشكە يېقىن كىشى بار ئىدى . مەن
ھودۇققان ۋە تولىمۇ تەشۋىشلەنگەن ھال-
دا «تەشۋىشلىك سەپەر» ناملىق ھېكا-
يەمنى ئوقۇشقا باشلىدىم، ئۇلار جىمجىت
ئولتۇرۇشاتتى، مەن بولسام خۇددى بۇلۇت
ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك، ئۆزۈمگە - ئۆزۈم
ئىگە ئەمەس ئىدىم... سۇر باساتتى، تەر-
لەپ - پىشاتتىم... ھېكايە ئوقۇلۇپ بول-
دى، تۈگىدى، بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن:

— قېنى، باللار، بۇ ھېكايىغا ئۆز قا-
رىشىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويىمامسىلەر، - دې-
دى، زۇنۇن قادىر ھەممەيلەنگە بىر-بىر-
لەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، كۈلۈمسى-
رەپ قويۇپ، مەن سورۇندىكىلەرنىڭ ئۇ-
زايىمدىن بىر ئاسايىشلىق بولىدىغانلىقى-
نى ھېس قىلدىم ۋە شۇ ئارى-
لىقتا بىر ئاز غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزۈمدى-
كى جىددىيلىكنىڭ بوشاپ تارقىلىۋاتقان-
لىقىنى سەزدىم.

— سىزدەھېكايە ئېلېمېنتى بارئىكەن، -دې-
دى غۇلجىلىق ياش ھەم شاش شائىر
ماخمۇت مۇھەممەت. سورۇندىكىلەر كېلى-
شىۋالغاندەك، پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى .

— شۇنداق، ھېكايىنىڭ قىسقا ، كىچىك بو-
لۇشىغا قارىماي، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ،
ۋەقەلىك ئىزچىل ۋە جىددى، ئەسەرقەھ-
رىمانىنىڭ خاراكتېرى ياخشى يورۇتۇل-
غان، -دېدى تۇرپانلىق يازغۇچى ھېلىمنىياز
قادىر.

— ھە، قېنى، باللار، يەنە نېمىلەرنى
ھېس قىلدىڭلار ؟- زۇنۇن قادىر كۆپچى-
لىكنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى .

— مېنىڭچە، ھېكايىنىڭ تېمىسىنى يەنە
بىر قېتىم ئويلىشىپ بېقىشقا بولامدۇ

يوق؟ كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىپ باقسا
دېدى، ــ پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن ئابلا
ئەخمىدى.

كۆپچىلىك ھېكايىنىڭ تىلىدىكى يەنە
بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە قىزغىن
پاراڭلىشىۋاتقاندا، زۇنۇن قادىرى سەمە-
مىي كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بولدى، بولدى، بۇ بالىنى بەكمۇ
ماختىۋەتتىڭلارغۇ،ــ دېدى مېنىڭ روھىمنى
كۆتۈرۈپ (لېكىن مېنىڭ قىرىق ياشلار-
نىڭ قارىسىنى ئالغان بىر «بالا» ئىكەن-
لىكىمنى زۇنۇن قادىردەك بىر ئادەمشۇ-
ناس يازغۇچىنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟)
سورۇندا بىر قىزغىن خۇشچاقچاق كەيپى-
يات ھۆكۈم سۈرەتتى.

ــ شۇنداق ياخشى يېزىلغان ! ــ دېدى
زۇنۇن قادىر كۆپچىلىككە بىر ــ بىرلەپ
سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، يۇمشاق ۋە بىلى-
نەر ــ بىلىنمەس بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

ــ ھېكايە مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلى-
دىكى بىر دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى قىسقا، ئىخ-
چام قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ھېكايە ناھا-
يىتى قىسقا بولسىمۇ، پۇختا، ئەستايىدىل،
پىششىق يېزىلغان، لېكىن سەن ئۆزۈڭ ئويى-
لاپ كۆر، ھېكايەڭنىڭ تېمىسىنى «تەشۋىش-
لىك سەپەر» دېگەندىن كۆرە، ھېكايىنىڭ
باش ۋە ئاخىر تەرىپىگە، ھېكايىدىكى شۇ
بىچارە دېھقاننىڭ باي بولۇپ، يوقىلىپ
كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىككىنچى قېتىم
يەنە شۇ يولدا شەھەرگە ئۆزى
سېتىۋالغان تراكتور بىلەن
ئاشلىق سېتىشقا ماڭغانلىقىدەك بىر ئى-
پىزوتنى كىرگۈزۈپ قوي ۋە «ئىككى قې-
تىملىق سەپەر» ياكى «ئوخشىمىغان سە-
پەر»① دەپ تېما قويساڭمۇ بولىدۇ، بۇنى

ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر! ھە؟ــ چۈشىنىۋاتاما-
سەن؟ــ دېدى.

ئۇ يەنە بىر ئاز سۆزدىن توختاپ:

ــ «تارىم»دىكىلەر نېمىشقا مۇشۇ خىل-
دىكى، مۇشۇنداق ياخشى ھېكايىلەرنى باس-
مايدىغاندۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ژۇرنال-
لاردىمۇ مۇشۇنداق ھېكايىلەر ــ مەدەنىيەت
ئىنقىلابىنى يازغان ھېكايىلەر كۆپقۇ؟ــ دېدى.

شۇ ئەسنادا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن
باش مۇھەررىرى، يازغۇچى ئەخەت تۇردى
ئاسمانىدىن چۈشكەندەك بىزدىن ئۇن ــ ئۇن-
بەش قەدەم نېرىدىكى پەشتاقتىن تېز ــ تېز
تاقلاپ چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.

ــ ئۇنى چاقىرايلى، ئۇنى چاقىرايلى،ــ
دېدى كىمدۇر بىرى.

ــ بولدى، بولدى، چاقىرماڭلار، ئۇلار
ھازىر مۇنداق ھېكايىلەرنى مەدەنىيەت
ئىنقىلابىنى يېزىپتۇ دېيىشىپ، بېسىشتىن
قورقىدۇ. بىزنىڭ زۆھرەمۇ بىرنەچچە كۈپ-
لېت شېئىر يېزىپ، مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ
كەلگەنىكەن، مەن كۆرۈپ چىقىپ، بولىدى-
كەن، بېرىۋەرگىن، دېۋېدىم، لېكىن، قا-
رىما مەسىلەر؟ لېكىن شۇ شېئىردىن ئىككى ــ ئۈچ
كۇپلېتنى قىرقىپ تاشلاپتۇ، ياخشى يېرى-
نى ئېلىۋەتكەن گەپتە، كېيىن مەن زۆھ-
رەگە: بولدى، قوي، ئۇلار شۇنداق قىلىپ
ئادەتلىنىپ قالغان دەپ، تەسەللىي بېرىپ
قويدۇم ئەمەسمۇ، دەپ ئۆزىنىڭ قورساق
كۆپىكىنى تۆكتى.

ــ ھېكايەڭدىكى يەنە بىر مەسىلە ــ ۋاقىت،
بۇنى يەتمىش ئۈچىنچى ياكى يەتمىش
بەشىنچى يىلىغا ئېنىق بېكى-
تىشىڭ كېرەك. بولمىسا چاتاق چىقىدۇ.
يەنە بىرى، ھېكايەڭنىڭ تىلىغا يەنە بىر
قېتىم قايتا ئىشلە، سەن باشقىلارنىڭ ئىككى
سۆزنى بىلىپ ــ بىلمەي ئىشلىتىپ قو-
يۇپسەن، دەپ ماڭا تەنبىھ بەردى (ئۇ

① بۇ ھېكايە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ
1986 ــ يىللىق 1 ــ سانىدا بېسىلغان.

مۇشۇ يەرگە كەلگەنـدە، سۆزدىن توختاپ،
قەتئىيلىشىپ، ئاچچىقى كەلگەن هالدا، ـ
هەي، جېنىم يولداشلار، باشقىلارنىڭ تىـ
لىنى ئۆز ئەسەرلىرىگلاردا ئىشلەتمىسەگـ
لار،ـ دېدى ۋە ئۇرۇمچىدىكى قايسىبىر ئاـ
تاقلىق شەخسنىڭ، ئۆزگىلەرنىڭ تىلىنى
ئىشلىتىپـ كۈلكىلىك بىر ۋەقەنىڭ بولۇپ
ئۆتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئاۋغۇستنىڭ ئايدىڭ تۈنلىرىدىكى كېچە
ئاسمىنى يۇلتۇزلار بىلەن تولغان. ئاخشام
كۆكۈم قاراڭغۇلۇقىدا يوقالغان تال ـ تېـ
رەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يامغۇردا يۇـ
يۇلغاندەك، ئاي نۇرىدا پارقىرايدۇ. هاۋا
سالقىن ۋە ساپ، ناهايىتى يېنىك شامال
چىقىپ تۇرىدۇ.

ئاخشامدىن بېرى قانچىلىك ئۇخلىغانـ
لىقىمنى بىلمەيمەن (مەن ئادەتتە سائەت
ئىشلەتمەيمەن)، يېنىمدىكىلەرنى ئويغىـ
تىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاستا ئورنۇمدىن
تۇردۇم ـ دە، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدىكى
باغ ئىچىگە كىردىم. جەنـنەتمۇ بۇ، ئەـ
جەبمۇ ئوخشىغان ئۈزۈملەـر؟ پۈتۈن ئەتـ
راپ ئۈزۈم بىلەن ئورالغان، ئېلېكتر چىـ
راغلار تېخىچە يېنىپ تۇرۇپتۇ. باغ ئىچىـ
دىن هېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايدۇ، ساـ
فاغا كېلىپ يۆلەندىم، بىر نەچچە سائەت
ئىلگىرى مۇشۇ باغ ئىچىدە، دەل مەشەدە،
.مېهمانلارغا ئىززەت ـ ئىكـراملار كۆرسىـ
تىپ، كۆڭۈل ئېچىش بولغان، داستىخانلار
نـازۇ نېمەتـلەر بىلەن لىـپمۇ لىپ تولـ
غانىدى، كۆڭۈلنى ئاللىقانداق ئويغا سېـ
لىپ، يۈرەكلەرنى مەستخۇش قىلغان دىلـ
رابا كۈيلەر ياڭرايتتى، هەممە چېهرى ـ
چىرايلاردا تەبەسسۇم ـ خۇشخۇيلۇق ئويـ
ناپ تۇراتتى. قەدەهلـەر بولسا تېگىگىچە
بوشايتتى، پەدىلەر «غۇنچەم» نىڭ مۇڭـ
لۇق ۋە جۇشقۇن كۈيلىرىگە يۆتكىلىپ تۇـ
راتتى. ئاھ، ئىزگۈ كۈيلـەر كۆڭـۈللەرنى
ئېزىپ، كۆزلەردە ياشلار ئەگىيتى، يۈرەكـ
لەردە دولقۇنلاپ دەۋرەپ ئاققان يورۇگـ
قاش دەرياسىدەك تاشقىنلايتتى...

گۈلدەك چىرايلىق، ئەجەبمۇ ئوماق بىر
قىز، پۈتۈن سورۇن ئەهـلىنى سېهىرلەپ،
يىگىتلەرنىڭ ئارامىنى يوقىتىپ، غۇنچەمـ
نىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ،
ناخشا ئەمـەس، ئەپسۇن ئوقـۇۋاتقاندەك
ئىدى، ئەندى پۈتۈن مەيداندا هايات توخـ
تاپ قالغاندەكلا سېزىلەتتى. ئۇ، ناخشىنى
ئوقۇپ كېلىۋېتىپ، يازغۇچى زۇنۇن قادىرـ
نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، قوـ
لىدىكى بەكمۇ چوڭ، بىـر تەرىپى قىزىل،
بىر يۈزى ئاق ئالمىـنى چوڭ هۆرمەت بىـ
لەن يازغۇچىغا ئۇزاتـتى ـ دە، ئاجايىـپ
لاتاپـەت بـىلـەن نـازۇك بېشىنى ئاستا
ئەگدى. باغ ئىچى گۈلدۈراس ئالقىشتىن
تىترەپ كەتتى!

پۈتۈن ئەزالىرىم بوشاپ، كېلىمغا بىر
نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك هاياجاندا ئۆـ
زۈمنى كۆز يېشىدىن تۇتالمايتتىم...

ياۋاش، مۇلايىم يازغـۇچى بەكمۇ تارـ
تىنىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېسەنكىرەپ
قالغاندەك، ئەمما قىزغىن هالدا ئورنىدىن
تۇرۇپ، قىزنىڭ قولىدىكى ئالمىنى ئالدى.
بۇ خوتەن خەلقىنىڭ ئاجايىپ كەمتەر، سەـ
مىمىي ـ سادىق، ئاق كۆڭۈل، ئادىل ئادەمـ
گە بولغان ئېتىقاد ـ ئىخلاسى ئىدى.

بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۈستىدە بـەكمۇ
سۇس، ئاقۇش سېرىق كۆڭلەك، ساپما رېـ
زىنكە ئاياغ بىلەن تۇرغان، ئاشۇ ئاددىي
كىشىنىڭ خەلق بىلەن تەقدىرداش ـ هەمـ
نەپەس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى.

كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالدى. خىيال

لىرىم بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، كۆڭلۈم ئىختىيارسىز زۇنۇن قادىر تۇرۇۋاتقان ياتاق تەرەپكە تارتىپ كەتتى، مۇنداقلا يېپىپ قويۇلغان ياتاق ئىشىكىدە بىردەم قۇلاقلىرىمنى ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا چاپلىدىم. ئىچكىرىدىن ناھايىتى بوش، ئەمما بىر خىلدا «پۇش - پۇش» ئاۋازى كېلەتتى. بۇ - بەدىئىي سۆز ئۇستىسى، قىزغىن يازغۇچى تۇردى سامساق ئاكىمۇ ياكى زۇنۇن قادىرمۇ، بىلىش قىيىن ئىدى. ئېھتىيات بىلەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ، «خۇدا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي» دەپ پىچىرلىدىم - دە، ئاۋايلاپ دەسسەپ، قاراڭغۇ كارىدوردىن يۈرۈپ كەتتىم. لېكىن، ئەپسۇس، شۇ چاغدىمۇ ئىجتىھاتلىق، ھارماس - تالماس يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى، ئاستا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قەغەز ئۈستىدىكى قەلىمىنىڭ شىرىلداپ ماڭغىنىنى، توك - توك قىلىپ قويغان چېكىت ئاۋازىنى ئاڭلاپ جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. ئۇ، گويا شۇ «توك - توك» بىلەن، مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، كۈچلۈك، دىقماق قوللىرىنى يەلكەمگە تاشلاپ، چېكىپ تۇرۇپ: «ھەي يۈسۈپ، يۈسۈپ... قاچانمۇ ئويغىنارسەن - ھە؟» دېگەندەك قىلاتتى!...

× ×

ئالتىنچى ئاۋغۇست، سەھەردە گۈلباغدىن چۈشۈپ كەلگەن كىچىك ماشىنىلار قاتارىدا يېپيېڭى، قېنىق سېرىق رەڭلىك ئاپتوبۇس يورۇڭقاش كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بوستانلىق، گۈلىستانلىق يول باشلاندى. ماشىنىلار بىر چىرايلىق سەپ تۈزۈپ، خۇددى كۈز كۈنلىرى شىمالغا ماڭغان تۇرنىلاردەك مېڭىشاتتى...

مەن ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، بۇ گۈزەل ۋەتىنىمنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرىدىن بىرەر نەرسە كۆرمەكچى بولدۇممۇ ياكى باشقا تىلەكلەر بىلەنمۇ، خىيالىم ئاللىقاياقلارغا كەتتى:

... بىر چاغلاردا، مۇشۇ بوستانلىقلارنى ئارىلاپ يۇمشاق توپىلىق يوللاردىن ئۆز ئىنىسى قابىل سەنئەتكار دەلىلى، سوپىلارچە كېيىنگەن، خۇش ئاۋازلىق غەزەلچى سەپەردىشى موللا غەزەل قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ، يوللارنىڭ چېڭىنى توزۇتۇپ، كاللىسىدا ئۇتلۇق تەپەككۇرلار بىلەن زەلىلى ئۆتكەن.

ئۇستىدە قەلەندەرلەرچە جەندە - كۇلاھ، قولىدا ھاسا تاياق، ساپايە تۇتقان، قامەتلىك ۋە ئۆتكۈر سۆزلۈك، ھەييار شائىر مەشرەپ ھەر دوقمۇشتا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ بۇ يوللاردىن ئۆتكەن... يەنە ساناقسىز كارۋانلار؛ ئاقىللار ۋە نادانلار مۇرات ئىزدەپ ۋە تەقدىرگە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ يوللاردىن ئۆتكەن...

نىمىشقىدۇر، يورۇڭقاش بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئېگىز بوستان دېگەن جايغا كەلگەندە، ماشىنىلار بىردىنلا مېڭىشتىن توختاپ قېلىشتى. بۇ يەردە ناھىيە مۆتىۋەرلىرىدىن بىر نەچچىسى بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى باش بولۇپ، ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن ھالدا بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ چىقتى. ئۇ رەتلىك كىيىنگەن، زېھنى ئوچۇق، خۇش مۇئامىلە كىشى ئىدى، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن بىزنى ئېزىزلىغانلىقى ۋە چىن كۆڭلىدىن خۇش بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، بىز شۇ كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا چەكسىز ئۇتىشىپ كەتكەن، ياپېشىل كەنتلەرنى

ئارىلاپ، سۇلار ئۆتۈشۈپ تۇرغان كۆۋ-
رۈكلەردىن ئۆتۈپ، كۆزلىگەن مەنزىلىمىز-
سامپۇلنىڭ بېغىغا يېتىپ كەلدۇق. باغ
ئىچى باراقسان ئالمىلىق ئىدى. بۈك ئالما
دەرەخلىرى ئوتتۇرىسىدا سەيلىچىلەر ئۈ-
چۈن مەخسۇس تەييارلانغان كۆكۈل ئېچىش
سەھنىسى بار ئىدى. قىپقىزىل چوغ-
دەك يېنىپ تۇرغان ئاجايىپ نەپىس گى-
لەملەر كىشىگە بىر هوزۇر - ئاسايىشلىق
بېغىشلايتتى، باغنىڭ سالقىن، نەمخۇش
هاۋاسى يۈرەكلەرنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈللەر-
نى قوزغايتتى، هەممە جاي - جايلىرىغا
كېلىپ ئورۇن ئېلىشتى، ئەمما، كۆزلەر
جانان چىنىدەك چوڭ، غوچ - غوچ بولۇق،
ساڭگىلاپ تۇرغان ئالمىلاردا ئىدى. بۇ
ئالمىلار گويا شاخلار ئارىسىدىن مارىلاپ،
گۈزەل قىزلارنىڭ هۆسنى - جامالىدەك هە-
مىسىنى تاڭ قالدۇرغانىدى. مانا سورۇننىڭ
تۆرىدە، پېشقەدەم يازغۇچى-شائىرلاردىن
ئىمىن تۇرسۇن ئاكا، قەييۇم تۇردى، ياز-
غۇچى ئابدۇراخمان قاهارلار قايسىبىر مە-
سىلە ئۈستىدە مۇتالىئەگە چۈشكەنىدى.
هە راست، ئۇلارنىڭ يېنىدىلا، مەندەھېكا-
يىچىلىققا هەۋەس ئويغاتقان ئوقۇتقۇچۇم
قاهار جېلىل بىلەن بەكمۇ كەمتەر، كىچىك
كۆڭۈل، مېهرى ئىسسىق، ياش يازغۇچى
مەتىمىن هوشۇر ۋە يازغۇچى ئابدۇللا
ساۋۇت ئۆتكۈر تاماكىسىنى راسا شوراپ،
خۇشچاقچاق شائىرلارنىڭ قىزىق لەتىپى-
لىرىدىن تېلىقىپ كۈلۈپ، ئاڭلىشىۋاتتى.

تەمبۇر، دۇتار، داپنىڭ شوخ نەپىس
كۈيلىرى يۈرەكلەرنى ئويغىتىپ، هەۋەس
دەرياسىغا ئېلىپ ماڭاتتى... شېرىن تۈي-
غۇلار قانات قېقىپ، ئۆتكۈر مەينىڭ كۈچى
بىلەن قوشۇلۇپ يايرىغان كۆڭۈللەر ئوت-
ئاتەش بولۇپ ياناتتى...

تالانتلىق شائىر مەهەممەتجان راشىدىن
قايناپ تۇرغان ئوتلۇق تەسىراتىنى نەق
مەيداندىلا شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەپ،
پۈتۈن سورۇن ئەهلىنى ئارماندا قالدۇردى.
ئۇنىڭ خوتەن خەلقىگە بولغان ياخشى تە-
لەكلىرى، تەشەككۇرى ئىپادىلەنگەن شې-
ئىرى ئاخىرلاشقاندا، باغ ئىچى چاۋاك
ئىچىدە قالدى، باغ ئۆتكۈر شېئىرىي پۇ-
راق بىلەن نەپەسلەندى... هەممىنىڭ شا-
ئىرغا مەسلىكى كېلىپ، بىر - بىرلىرىگە
قاراشتى. ئادەملەر ئۆز هاياجانلىرىنى يې-
غالماي تۇرۇشقانلىرىدا، بۇ ئەنجۈمەندىن
قاتتىق تەسىرلەنگەن ئۇلۇغ رەبىبىمىز بۇ
تەنتەنىنى تەبرىكلىگەندەك، بەكمۇ چوڭ ۋە
چىرايلىق بىر ئالما كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا،
مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قىپ-
قىزىل گىلەمنىڭ ئۈستىگە خۇددى بىر
مۆجىزىدەك «پوك» قىلىپ چۈشتى...

ئۆمرىدە بەك تولا زىيارەت تارتقان، خور-
لىنىپ، كۆڭلى ئازارىيېگەن، قوزىدەك ياۋاش
مويسىپىت يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ
يەتمىش ئۈچ يېشىنى بىز بىلەن ئەنەشۇن-
داق كۈلۈپ - چاقچاق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتتى.

ئۇ، هاردۇق يەتكەن، قېرىپ مۈكچى-
يىپ قالغىنىغا قارىماي، خوتەننىڭ مە-
دەنىي يادىكارلىقلىرىنى، سەهرا - كەنت-
لىرىنى، باغۇ دەريالىرىنى، يولنىڭ ئۇ-
زاق، هاۋانىڭ دىمىق، تىنىمسىز سەپەر-
لەرنىڭ جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، زوق-
شوخ بىلەن كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى...

... بىر كۈنى ئۇزاقتىكى قېرى چىنار
دەرىخىنىڭ غولىغا سىنچىلاپ قاراپ كەت-
سە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دەريانىڭ
ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەيمەندۈرىدىغان تىك
قىرغىقىغا قالغاچ ئۇۋىسىدەك بېكىپ قال-
غان قاراڭغۇ - ئىسلاش غاردىن بەللىرىنى

تـۇتقـان هـالدا كۈلۈمسىرەپ چىقاتتى...
يەنە بىر كۈنى بولسا ئۇزاق كىرىيىدىـ
كى نەچچـە يـۈز يـىل بۇرۇنقى تارىخىي
ئابىدە، ھەيۋەتلىك جامەنـىڭ بەردەم ۋە
بېجىرىم تۈۋرۈكلىرى ئۇنى تولىمۇ ھـەيـ
ران قالدۇراتتى... ئۇ يەنە ئۇزۇن جاپاـ
لىق يوللاردا بالدۇرلا چوڭماشىنىغا چىـ
قىۋېلىپ، يېنىدىكى سەپەرداشلىرى بىلەن
كەڭ ـ كۈشادە تاتلىق سۆھبەتلەر قۇراتـ
تى. كىچىك، راھەت ماشىنىلارغا يـۈگۈرـ
مەيتتى... ئۇنىڭ ئاستا، يېقىملىق ئـاۋاـ
زىبىلەن ئېيتقان قەنتدەك سۆزلىرى يۈـ
رەككە ئۇزۇق بولۇپ چېچىلاتتى...
بىر قېـتىم شۇنداق يول تەرەددۇتىبىـ
لەن ھەممىمىز ئالدىراش لاققـا ـ لۇققىـ
لىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ، ماشىنىغا قـاراپ
يۈگۈرۈشتۇق، كىم بىلىسۇن، ماشىنا ماڭاي
دەپ تۇرۇشىغا، يازغۇچى ئايشەم ئەخمىـ
دى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ دېگەندەك، ماـ
شىنا ئىچىگە كىرىپ كـەلدى ـ دە، ئـەتـ
راپقا نەزەر تاشلاپ، ئولتۇراي دەپ تـۇـ
رۇشىغا، ماشىنا قوزغالدى، ئـايشەم ئەخـ
مىدى قاتتىق سىلكىشتىن مۇدۇرۇپكېتىپ،
ئۇياق ـ بۇياققا چايقالدى ـدە، نېمە قىـ
لارىنى بىلمەي، شۇ پېتى بىرسىنىڭ ئۇسـ
تىگە ئۆزىنى تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. ھەمـ
مەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشۈۋاتقاندا:
ــ يىقىلساڭ، مېنىڭ قوينۇمغا يىقىل!ـ
دېدى زۇنۇن قادىر ئۆزىنى تۇتالماي قاـ
قاقلاپ كۈلۈپ.
ماشىنىنى تىترىتىپ، قاتتىق كۈلكەھاـ
ۋاغا كۆتۈرۈلدى...

× ×

خوتەن كۆك شاپتۇلىنىڭ تازا پىشىپ ۋە
قىيام باغلاپ، كىشىگە بىر لەززەت ـ ھوـ
زۇر بېرىدىغان مەزگىللىرى ئىدى. بارـ
غانلا يېرىمىزدە، ھەسەلدەك شېرىن، مۇزـ
دەك سوغۇق، پوستى كېپىنەكنىڭ قاناتلىـ
رىدەك نېپىز ۋە نازۇك، چىلـىق ـ چىلىق
سۇبىلەن تولغان كۆك شاپتۇللارچوڭ ـ چوڭ
سېۋەت ۋە غەلۋىرلەردە مېھمـانلاردىن ئېـ
شىپ ـ تېشىپ تۇراتتى، ئاق ناۋات، كۆك
ناۋاتتەك قوغۇن ـ تاۋۇزلار بولسا ھەددى
ھېسابسىز ئىدى... داستىخاندىكى مېۋە ـ
چېۋىلەرنىڭ خىلى ناھايىتى نۇرغۇن بوـ
لـۇپ نازۇ نېمـەتلەر، مېھماندوست خوـ
تەن خەلقىنىڭ جانىجان كىشىلىرىگە قىلىـ
غـان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى، يۇمشاق كۆڭـ
لىنىبىلدۇرۇپ تۇراتتى؛ خۇددى بۇنىڭدىن
ئىككى يۈز يىل بۇرۇن خوتەندە ئـۆتكەن
لېرىك شائىر قەلەندەر يازغاندەك:

خوتەندە بىر ئۈزۈم بار ئاتى كىشمىش،
بارى ئۆزۈمدىن ئول ئىلگەرى پىشمىش.
ۋەسالغۇسىنى يېسە ئايتور ئىنسان،
بەھاسىغا ئەگەر جان بەرسە ئەرزان.
مۇناقى بىرلە ساھىبى ئۈزۈمى،
ئېرۇر ھەر بىرسى خورمايى رۇمى.
ئانارو ئالمەسىن لەئلى بەدەخشان،
ئىشتىپ رەشكدىن ھەر دەم يۇتار قان.
ئانىڭ شافتالو، ئامۇدىكى، ئەي يار،
خوجەند نەشبەتەسى ئالدىدا بىكار.
ئەگەر ئالۇچەسىنى كۆرساڭ، ئەي جان،
دېمىشسەنكىم ئېرور ياقۇت، مەرجان.
ئۆرۈكۈ ئۆچمەس جەننەت نىھالى،
لەتافەتتە جاھاندا يوق مىسالى.

.. ........................

قاغۇندىن ئىشىت سۆز، ئەي خىرەمەند،
تېگىشمەس بىرنىكىم بەرسە بىر قەنىد.
خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە تاربۇز،
سىفاتىن قانچە قىلسام كۆرۈنەر ئۇز①.

..................

① بۇ شېئىرلار «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 4ـ سانىدىن ئېلىندى.

داستىخانغا بارچە مەئىشەتلەر جەم
بولغان بولۇپ، بىر - بىرلەپ ساناپ،
توۋ سېپىنى قىلىپ چىقىش قىيىن ئىدى.
شۇ چاغدا بىز چۈشكەن لاسكوي يېزى-
لىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدى-
كى باغ ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزنىڭ
يادىدا بولسا كېرەك.
كۈن چېچىلغاندا، بۇ باغنىڭ ئىچى ئۆ-
زىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن نامايان
بولۇپ، كوكات، گۈل - گىياھ، تال - تې-
رەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزىل، سېرىق
ۋە ئاللىقانداق رەڭلەرگە كىرىپ تاۋلى-
ناتتى، نۇرغا چۆمۈلەتتى... يوپۇرماقلار-
دىكى شەبنەملەر بولسا ئۆز تەقدىرىدىن
ئەنسىرىشىپ، مىدىرلىشىپ جىم تۇرالماي
مىليون - مىليون ئالماسلار شەبنەملەردە
ئەكس ئېتەتتى... ئەگەر، سەللا ئېھتى-
ياتسىزلىق قىلىپ تېگىپلا كەتسەڭ، بولدى
قويۇۋەر، ئۇستى - بېشىڭ سۇغا چىلىشات-
تى... مانا شۇنداق بىر سەھەردە باغ خۇ-
مارى زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ بىر قانچە
ھەقەمسايىلىرىنى بىللە ئېلىپ، باغ مەن-
زىرىسىنى، ئۇنىڭ ساپ، تىنىق ھاۋاسىنى
نېمىلەرنىدۇر كۈيلەپ، ئېرىقلاردا ئاپرېل
ئېيىدىكى ئامۇت چېچەكلىرىدەك ئاپئاق
بۇژغۇن كۆتۈرۈپ، كۆكتاتلار بىلەن پى-
چىرلىشىپ، ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرغان زى-
لال سۇلارنى، باغنىڭ نېرىسىدىكى كۆكنى
سۆيۈپ تۇرغان ئېگىز ئاق تېرەكلەردىكى
تىنماي ئۆز تىلى بىلەن جۇغ - جۇغلىشىپ
نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ سايرىشىۋاتقان
تۈمەنمىڭ شوخ ۋە تىنىمسىز قۇشقاچلار-
نىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاشقا كىرەتتى. باغ-
دىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، تال-تېرەك...
جىنەستە، گىلاسلار غىچە تۈرلۈك كۆ-
رۈنۈش ۋە رەڭدىكى مېۋە - چېۋىلەرنىڭ
نەدىرەك، نېمىلەرنىڭ يېنىدا ئىككەنلىكى
ياشانغان، بايقاش تۇيغۇسى كۈچلۈك، ياز-
غۇچىغا بەش قولدەك ئېنىق ۋە ئايدىڭ
ئىدى، ئۇ، بۇ چاغدىكى ھەممە نەرسىنى
بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيتتى.
گويا باغۋەندەك، باغدىكى گۈل - گى-
ياھلارغا پەرۋىشلىك مېھرىبان كۆزلىرى
بىلەن تويماي قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ
ئىللىق، تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چى-
رايىدا، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈش، نۇر-
لۇق ئۈمىد ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ
ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ، باغدىكىلەرنى بى-
لەن بىللە، ئىلى باغلىرىدىكى ياپېشىل
ئالمىزارلىقلاردا سەيلە - ساياھەت قى-
لىپ يۈرگەندەك، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەس-
تىن چىقماس ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بول-
غان شاۋقۇنلۇق ئىلى دەرياسى قىرغاقلى-
رىدا يۈرەكلىرى تەپچىپ - تىپىچەكلەپ،
ئەزىم دەريانىڭ دولقۇن ئۇزۇپ، قىرغاق-
لارنى سۆيۈپ ئېقىشىغا قۇلاق سېلىۋات-
قاندەك ئارام بەخش كەيپىياتتا باغ ئا-
رىلايتتى.
ئۇ باغ ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، يازغۇچى
مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا:
— ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇنداق ئالتۇن ئۇنى-
دىغان، گۈل ھۆسنىلىك باغلىرىڭدا يەنە
نېمە كەملىك قىلىدۇ؟ - دەپ سوئال نە-
زەرى بىلەن قاراپ قويدى - دە، يازغۇ-
چىنىڭ كەڭ يەلكىسىگە يۇمشاق قوللىرى-
نى تاشلىدى.
— سىلەرنىڭ خوتەندە ئاجايىپ ئىس-
تىدادلىق كىشىلەر، تالانتلىق شائىرلار
ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى شەھى-
رىڭلارغا پاناھ تارتىپ كېلىپ، ئاخىرقى
ئۆمرىنى مۇشۇ يۇرتتا ئۆتكۈزگەن... يەنە
كېلىپ بۇ يەرلەردە، تۈرلۈك ھۈنەر ئىگى-

لىرى، ئۇستىلارنى ... ئېيتىپ كەلسەك،
ئۇنداقلارنى ئاز دەمسەن؟! شۇلارنى يې-
زىش كېرەك. ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ، بىر
نېمە قىلىپ كۆرمەمسىلەر؟ كۆپەيگەندە تاغ
بولمامدۇ؟... خوتەن ئەدەبىياتى بىخلى-
نىۋاتىدۇ. سىلەردە قەلىمى پىشقان، بىر
قەدەر يېتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ بولۇشى
بەكمۇ مۇھىم... يازالايدىغانلارنى بايقاش-
قا ماھىر بولۇڭلار، يېزىشنى يېڭىدىن باش-
لىغانلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە، ئۇلار-
نى قوللاش ـ تەربىيىلەشكە تازا كۆڭۈل
بۆلۈش كېرەك. ياخشى يازالايدىغانلار
كەمتەرلىك بىلەن شۇلارغا يېقىندىن يار-
دەمدە بولمىسا بولمايدۇ، ئېقىن ئۈزۈلۈپ
قالسا ... بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر!...

بۇ گەپلەردىن كېيىن ھەممىمىز بىر ـ
بىرىمىزگە قارىشىپ، چوڭقۇر ئويغا پات-
تۇق.

مەتقاسىم ئابدۇراخمانمۇ زۇنۇن ئاكى-
نىڭ قىزغىن تىلەكلىرىگە يارىشا قىسقا،
ئېنىق قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇپ مويسىپىت
يازغۇچىنى خاتىرجەملەندۈردى. بىز ئەت-
راپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭ جاۋابىغا قايىللىق
بىلدۈرۈپ، باش لىڭشىتتۇق.

ــ ھە، كېلىڭلار، كۆك شاپتۇل ئۈنتۈ-
لۈپ قاپتىغۇ قېنى بولۇڭلار، بالىلار،ـدې-
دى زۇنۇن قادىر.

ــ ئەمدى يەيمىز؟!

ــ نېمىنى يەيسىز؟

ــ شاپتۇلنى.

ــ قېنى يەڭ!؟ ـ قىزىقچى سەلەي قا-
سىم، يازغۇچى بىلەن ھەزىللىشىپ، بىز-
نى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ــ قېنى مەتقاسىم، ئىغىتمامسەن، شۇ
شاپتۇلۇڭنى، شۇ بويبەستىڭ بىلەن شاپ-
تۇلنى سۇندۇرۇپ قويما، يەنە!؟... دېدى
سەلەي ئاكا.

قاتتىق كۈلكىدىن قېرى ئۈجمە دەرىخى-
دىكى بوزەك قوشقاچلار «گۇر ـ ر ـ ر ـ ر»
قىلىپ ئەتراپقا تارالدى...

(بېشى 56 ـ بەتتە)

تەرەپتىن غىڭشىپ چىقتى. ھەممەيلەننىڭ
كۆزى كۈچۈك سۆرەپ چىققان تېرىگە ـ
ھازىر ئىككىسى تەرەپ دەتالاش
قىلىۋاتقان رەھىمەتلىك
ئالا قوينىڭ تېرىسىگە چۈشتى.

ــ مېنىڭ قويۇم، مېنىڭ ئالا قويۇم !ـ
ئايلىخان شۇنداق دېگىنىچە كۈچۈك سۆرەپ
چىققان تېرىگە يېپىشتى. كۈچۈك تېرىنى
چىڭ چىشلەپ خىقىرىغىنىچە كەينىگە تې-
رەجىدى.

ــ جامائەت!ـ بۇ مېنىڭ ئالا قويۇم ـ
نىڭ تېرىسى، خەلپىتىم باياتىن « ماگا
ھارام سىگمەيدۇ » دەپ ھۆركىرەۋاتماقتى،
ئۇنداقتا، ئالا قوينىڭ تېرىسى ئۇنىڭ قاز-
نىقىدا نەدىن كەپقالىدۇ؟ ئۇنىڭ گۆش-
ياغلىرى نەگە كەتتى؟...

ــ ھاشىم خەلپىتىم، سىلە «تۇل خوتۇن،
يېتىم ـ يېسىرنىڭ ھەققىنى يېمەيمەن »،
« ماگا ھارام سىگمەيدۇ » دېگەننى ئېغىز-
لىرىدىن چۈشۈرمەيتتىلە، ئەجىبا، ئايلىخان
ئاچامنىڭ قوينىڭ تېرىسى سىلىنىڭ ئۆي-
لىرىدىن چىقىپ قالدىيا؟ـ دېدى توپ ئىچ-
چىدىن بىرەيلەن مەسخىرە قىلىپ.

ــ بولدى قىلىڭلار، خەلپىتىم ئىمام
تۇرسا قانداقسىگە ھارام يەيدۇ، قوينىڭ
تېرىسى ھالال بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ
گۆشى ھارام ئەمەستە!ـ دېدى يەنە بە-
رەيلەن قىزىقچىلىق قىلىپ.

جامائەت خەلپىتىمگە قاراشتى. ھاشىم
خەلپىتىم بولسا يامغۇردا قالغان خوراز-
دەك لاغىلداپ تىترەپ «جامائەت ئايلىخان...
بۇ كۈچۈك... » دېگىنىچە ئەتراپقا
قارايتتى. خەلپىتىمنىڭ كۈچۈكى ئۆزىنىڭ
ئېگىسىگە قىلغان « يۈزسىز » لىكى تۈپەي-
لى ھېلى كۆرىدىغان قىسمەتلىرىنى بىلمەي-
دىغاندەك ھەدەپ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇش-
قىقىنى چىشلەپ تارتاتتى، خىرقىرايتتى ...

# « بوۋاي ۋە دېڭىز »

( ھەجۋى ھېكايە )

مەتسابىر روزى

مەن جۈيجاڭ بولدۇم، ئانانگنى! مەن
شۇنچە كاتتا جۈيجاڭ تۇرۇقلۇق ئىش بې-
جىرىدىغان تۈزۈكرەك بىر جايىمنىڭ بول-
ماسلىقى قانداق گەپ! مەن ھۆججەت دۆ-
ۋىلىرى ئارىسىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ
خەت يازىمەن، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ما-
رافۇنچە يىغىنلاردا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ
ماتېرىيال كۆرىمەن.

بۇرۇن مەن ئادەتتىكى كاتىپ ئىدىم،
ۋەزىپەم باشقىلارنىڭ سۆزىنى شەرتسىز
ئاڭلاش ئىدى. پاھ... ھازىر جۈيجاڭ بول-
دۇم. قىلدەك ھوقۇقتا پىلدەك كۈچ باردې-
يىشىدۇ. مانا ھوقۇق دېگەن قولۇمدا
تۇرۇپتۇغۇ! ھازىر مەن باشقىلارغا سۆزۈم-
نى « شەرتسىز » ئاڭلاش توغرىسىدا بۇي-
رۇق چۈشۈرەلەيمەن. ھالبۇكى مەن كۈن
بويى ھۆججەت دۆۋىلىرىدە ئۆمىلەپ يۈرى-
مەن ، يىغىن دېڭىزىنىڭ پايانسىز قايناما-
لىرىدا ئۈزىمەن، ھېرىپ زادى ھالسىقال-
مايدۇ، يۈرىكىم جۇش ئۇرۇپ تۇرغان
ياش باشلىق بولغانلىقىم كېيىن، تۈزۈك-
رەك بىر ئىش تەۋرىتەي دەپ ئويلايمەن.
لېكىن، ئوي - خىيال بىلەن نېمە ئىش
قىلغىلى بولسۇن؟ تازا نەس باستى - دە!
بۇنداق ئەھۋالدا ئىشلەپچىقىرىشنى يۈك-
سەلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا تۇرۇشقا نەدىمۇ
ۋاقتىم بولسۇن دەيسىز! كاللا دېگەن قا-
پاق ئەمەس. لېكىن... لېكىن ئۇنى ئىش-
لەتمىسە نېمە پايدا؟ ياق! ياق! كاللا
ئىشلىتىپ ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمى-
سەم ھەرگىز بولمايدۇ.

مەن ھوقۇقىمدىن پايدىلىنىپ، ئۆزكۆ-
مۈچىمگە چوغ تارتىدىغان نەپسى ئاۋارى-
لار ئارىسىدا ئالدى بىلەن يۈيگۈڭ روھى
بويىچە ھۆججەت دۆۋىلىرىنى يۆتكەپ يى-
غىن دېڭىزلىرىنى تىندۇرۇشۇم كېرەك. مەن
مەنسەپكە ئولتۇرغان تۇنجى كۈنىلا دۆ-
جىزە ياراتتىم. مەن كىتابخانىدىن ئامې-
رىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاينىڭ « بوۋاي
ۋە دېڭىز » دېگەن ئەسىرىدىن 100 نەچچە
پارچە سېتىۋېلىپ ئىدارىدىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەرگە بىردىن تارقىتىپ بەردىم.

— K جۈيجاڭ. بىزيا ئەدەبىيات بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلار بولمىساق، نېمە دەپ
بىزگە بۇ كىتابنى تارقىتىپ بېرىسىز؟

— بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىش سىلەر-
نىڭ ۋەزىپەڭلار. چوقۇم ئوقۇپ چىقىشىڭ-
لار كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە مەن سىلەر-
نىڭ تەسىراتىڭلارنى ئاڭلايمەن.

— K جۈيجاڭ، بۇنىڭغا نەدە ۋاقىت
دەيسىز؟ بىزنىڭ يەنە بەش نۇسخا ھۆج-
جەت تۈزۈش ۋە ئۈچ يىغىنغا قاتنىشىش
ۋەزىپىمىز بارغۇ؟

— قورۇسۇن يىغىن، ھۆججەت دېگەن-
لەر. ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ ئالدى بى-
لەن ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار!

جۇڭگو تارىخىدا بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئۈچ ياشلىق پادىشاھى فۇيىغا يەتمىش - سەك-
سەن ياشلىق ۋەزىر-ئەزىمەلەرنىڭ باش ئۇ-
رۇپ سەجدە قىلىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلى-

نەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ — ئۆز خوجايىــ
نى ئالدىدىكى ساداقەتمەنلىك، سەممىيــ
لىكىنىڭ يۈكسەك شەجەرىسى ئــەمەســۇ؟
مەن بىر چاقىرىق قىلىشىيدىم، ھەممە يەلەن
ئاۋاز قوشتى. بۆلۈم باشلىقلىرى باشلام ـ
چى بولۇپ كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدى، بۆ ـ
لۈم ئەزالىرى پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن ئو ـ
قۇشقا كىرىشتى. تەلەينىڭ ئوڭدىن كەل ـ
گىنى شۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھــەممىسى
ساۋاتلىق خادىملار بولۇپ، كىتابتىكى بە ـ
زى مۇرەككەپ تەسۋىرلەر ئۈستىدە كــۆپ
كاللا قايناتمايلا روھىي ئوزۇق ئالالايتتى.

— قانداق تەسىرات ئالدىڭلار؟ ـ دەپ
سورىدىم مەن ئىككىنچى كۈنى.

— ھى ... ھى ... جۇيجاڭ... يا... يامان
ئەمەسكەن.

— كونكرېتراق بىر نېمە دەپ
باقامسىلەر؟

— ھى ... ھى ... ياخشىكەن، ناھايىتى
ياخشىكەن.

— شۇمۇ گەپ بولدى! بۇ دېگەن نوبېل
ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق
ئەسەر، شۇڭا ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ ـ دە!
مەن سىلەردىن، كىتابنى كۆرگەندىن كې ـ
يىنكى تەسىراتىڭلارنى ســۆزلەپ بېقىڭلار
دەۋاتىمەن.

— بىز كىتابتىن بىر بوۋاينىڭ دېڭىز ـ
غا چىقىپ بېلىق تۇتقان جايلىرىنى ئوقۇ ـ
دۇق، لېكىن بوۋاي تۇتقان بېلىقنىڭ قان ـ
داق بېلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. جۇي ـ
جاڭ، سىز بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز؟

مەن ئۇلارغا قاتتىق بىر تېگــەي دەپ
ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن يەنە ئۆزۈمنى
تۇتۇۋالدىم.

— ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرى تىلى پىششىق،
مەنىسى يېڭى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن جاھانغا تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچى،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرمۇ سۆز ئارتۇق ـ
كەم ئەمەس.

— ئۇنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسى نېمە
ئۈچۈن بۇنداق يۇقىرىدۇ؟

— ھەببەللى، مۇنۇ سوئالىڭلار بىرقە ـ
دەر جايىدا بولدى. ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزگىــ
چە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەســەر
يازغاندا بىــر پۇتى بىلەن ئۆرە تــۇرۇپ
يازىدۇ.

— ئۇنىڭ بىر پۇتىدا چاتاق بار ئوخ ـ
شىمامدۇ؟

— بەلكىم ۋېيېتنام ئۇرۇشىدا توپ ئو ـ
قى تەگكەندۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئىنتايىن
بېجىرىم. ئۇنىڭ بىر پۇتىدا ئۆرە تۇرۇپ
ئەسەر يېزىشتىكى مەقسىتى — ئۆزىنى
جىددىي ھالەتتە تۇتــۇپ، ئەسەرلىرىدىكى
ۋەقەلىك ۋە دىئالوگلارنى قىسقا، مېغىزلىق
سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

— تولىمۇ قىزىقارلىقكەن، بەزىدە ئۇ ـ
رۇشمۇ مۇنداق قىزىقارلىق بولمايدۇ.

— يولداشلار! ھېمىڭۋاينىڭ ئەسەر ياز ـ
غان ۋاقىتتىكى غەلىتە ھالىتىنىڭ پېقىرغا
بولغان تــۇرتكىسى بــەكمۇ زور بولدى.
ھۆججەت دوۋىلىرىنى يۆتكەپ يىغىن دې ـ
گىزلىرىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن ھازىر كۆپ ـ
چىلىككە شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاي ـ
مەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھۆججەت، ماتېرى ـ
يال يازىدىغانلار بىر پۇتى بــىلەن ئۆرە

تۇرۇپ يېزىشى، يىغىندا سۆزلەيدىغانلار بىر پۇتىدا ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشى لازىم. مەن بۇنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلماقچى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار مەمۇرىي جازاغا تارتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىغىن قىسقا ئېچىلىدىغان، ھۆججەتلەر ئىخچام يېزىلىدىغان بولدى. لېكىن، مەن بۇ ئىسلاھاتتا باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغىمۇ ئۇچرىدىم. ماڭا تۇنجى بولۇپ ھۇجۇم قىلغىنى پېشقەدەم مەسلىھەتچى B بولدى.

— ئۇكام، سەن نېمە دەپ غەربنىڭ چىرىك نەرسىلىرىنى سۆرەپ كېلىسەن؟ ۋىجدانىڭ نەگە كەتتى؟ كۆپ يىللاردىن بۇيان بىز ھۆججەتنى كۆپ تارقىتىشقا، يىغىننى ئۇزۇن ئېچىشقا تايىنىپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ! ئەجەبا سەن بىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىمىزنى بۇزساڭ! ھەي ئۇكام، سەن بىلەمسەن، تارىختا «بېيجىڭ شەرتنامىسى»، «نەنجىڭ شەرتنامىسى» دېگەنلەرمۇ يىغىن – ھۆججەت بىلەن ئىمزالانغان.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىمۇ ئوخشاشلا يىغىن ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. جۇڭگودا يەنە نۇرغۇن ئاپەتلەر، يېغىلىقلار يىغىن بىلەن ھەل بولغان. سەن بۇلارنى ئىنكار قىلالامسەن؟ سەن قولۇڭدىكى ھوقۇقىڭدىن پايدىلىنىپ خالىغانچە سىياسەت چىقارساڭ نۇرغۇن كىشىلەرگە قىلىدىغانغا ئىش قالمايدۇ. ئىشى يوق دېگەنلىك، ئىشسىز قالدى، دېگەنلىك. سەن باشقىلارنى ئىشسىزلىق گىردابىغا ئىتتىرمەكچىمۇ؟ تېخى بىر پۇتۇڭلاردا ئۆرە تۇرۇپ خىزمەت قىلىڭلار دەۋاتىسەن. بۇ قانداق گەپ؟ بۇ ئىككى پۇت بىلەن مېڭىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم قۇرۇش فاڭجېنىغا قارشى تۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇ سېنىڭ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكىڭ. بىز بۇنداق بىمەنە ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز... بىرسى مېنى يەڭگىل تۈرتتى. قۇلىقىمغا «K كاتىپ، كۆزۈڭنى ئاچقىن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئاچتىم. بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولى تېخىچە دولامدا تۇراتتى. ئۇيقۇ دەستىدىن ئاچالمايۋاتقان كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، جوزىغا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. بايىقىلار كۆرگەن چۈشۈم ئىكەن. جوزا ئۈستىدىكى ماتېرىيال ئورىگىناللىرى يۈزۈمدىن ئاققان تەردە ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.

— K كاتىپ، ماتېرىيالنى تېز يېزىپ پۈتكۈزۈڭ، چۈشتىن كېيىن چاقىرىلىدىغان يىغىندا لازىم بولىدۇ، — دەپ جىكىلىدى بۆلۈم باشلىقى.

مەن ئەسلى ھالىتىمگە كېلىپ جان جەھلىم بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم. مەن ئىختىيارسىز بىر پۇتۇمنى يىغدىم. سىرقىراپ تۇرغان پۇتلىرىم جاننى قاقشىتاتتى. لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئورنىمدىن تۇردۇم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم بىر پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇشۇم ئىدى.

# پىلىيوشكىن II

(ھېكايە)

## ئازادجان روزى

كىتابىتا يېزىلىشچە پىلىيوشكىن① ئىسـ-
سىملىك بىر ئادەم ئۆلۈك جانلارنىڭ ھەر
بىرىنى ئوتتۇز ئىككى تىيىندىن ساتقانىـ-
كەن. ھازىرقى زاماندىكى پىلىيوشكىنلار
بولسا ئۆلۈك جانلارنىڭ ھەر بىرىنى ئوتـ-
تۇز ئىككى تىيىندىن ئەمەس، ئۈچ يۈز يۈەن
ھەتتا ئۈچ مىڭ يۈەندىن گەپ يوق ساتا-
لايدۇ. مۇلاھىزە قىلمىغانىدىمۇ تىنـجارەت
ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچە، تەرەققىياتىنىڭ كىـ-
شى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تېز ئىكەنـ-
لىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

مۇسايوپنى ئاتا - ئانىسى يېمەي-ئىچـ-
مەي ئارزۇلاپ بېقىپ قاتارغا قوشقان بولـ-
سىمۇ، بىراق ئۇ تۇغقانلىرىغا كۆيۈمسىز،
باغرى قاتتىق ئادەم بولۇپ چىقتى. شەـ-
ھەردىكى تۇغقانلىرى تۇگۇل، يېزىدىكى
تۇل ئانىسىنىمۇ ئايدا بىرەر قېتىم يوقلاپ
قويۇش خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئىلـ-
گىرىكى سېرىقتال يىللىرىدىغۇ قولى قىسـ-
قا بولغاچ بالا - چاقىسىدىن ئېشىنالمىدى.
بىراق ھازىر ئۇنىڭ مائاشى ئۆسكەن، ھەتـ-
تا كىچىك بولسىمۇ ئەمەل تېگىپ، ئۇنىڭ
چوڭلىرىدا، ماشىنىنىڭ كىچىكلىرىدە ئولـ-
تۇرغان ۋاقىتلىرى كەلگەندىمۇ ئۇنىڭدىن
ئاشۇ ئانىسىغا ھېچبىر نەپ يۇقمىدى.

قەھرىتان قىشنىڭ مەلۇم بىركۈنى، مۇ-
سايوپنىڭ ئانىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالدى. مۇسايوپنىڭ يېزىدىكى كەنجى ئىـ-
نىسى زايىت مال - ۋارانلىرىنى سېتىپ
خېلىلا داۋالىتىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئانىـ-
نىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى.
شۇنىڭ بىلەن زايىت شەھەرگە كىرىپ، ئا-
كىسى مۇسايوپتىن بىر ئاز قىسىلىپ قالـ-
غانلىقىنى، ئانىسىنى داۋالىق دوختۇر-
دا داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل كېرەكلىكىنى
ئېيتىپ پۇل سورىدى.

— ئايدا ئالىدىغان تۆت تەڭگەم ئە-
جەب يوغان نېمە كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ - دە
كۆزۈڭگە، - دېدى مۇسايوپ ئىنىسىنىڭ گېـ-
پى ياقمىغاندەك تەھدى بىلەن، - بۇدېگەن
شەھەر، شەھەرلىكنىڭ خەرجىگە پادىشاھـ-
نىڭ خەزىنىسى بولسىمۇ چىقىش قىلمايدىغان
گەپ. ئازراقلا ئورۇنسىز چىقىمدار بولساق،
ئاي ئاخىرىدا موردىن تۇتۇن چىقارمىقىـ-
مىز مۇ قىيىن. شۇڭا سەن قايتىپ، ھازىرچە
ئۆزۈڭ بىر ئىلاجىنى قىلغىن.

سىقىسمۇ قول ھۆل بولمايدىغان بۇ ئاكىسىـ-
دىن بىر نېمە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەن زايىت مۇسايوپنىڭ ئۆيىدىن را-
يى قايتقان ھالدا يېنىپ چىقتى - دە، شە-
ھەردىكى باشقا تۇغقانلارغا ھال ئېيتىش
نىيىتىگە كەلدى. كۆڭۈلگە يارىشا ئۇنىڭ
دەردىنى ئاڭلىغان تۇغقانلار ئەللىك-ئاتـ-
مىش سومدىن ياردەم قىلىشتى. بۇنىڭدىن
خەۋەر تاپقان مۇسايوپ باشقىلارنىڭ ئە-
يىبلىشىدىن قورقتىمۇ ياكى ئايالىنىڭ زو-
رى بىلەن بولدىمۇ ئەيتاۋۇر يىگىرمە يۈەن

① پىلىيوشكىن گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى ئۆلۈك جانلارنى ساتىدىغان پېرسوناژ.

چىقارغان بولدى. مۇسا يوپنىڭ ئانىسىغا
بولغان بۇ رەھىمسىز مۇئامىلىسى ئەزرا-
ئىلنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنمىكىن، بۇ بىمار-
دىن ئامانەتنى بىرا قلائالدى، بىچارە ئانا
ئۆزۈن ئۆتمەي بالنىستتىلا قازا تاپتى.
شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆ-
تۈپ تۇرغاندەك مۇسا يوپ دەرھاللا ئوتتۇ-
رىغا چىقتى - دە، بولۇشىچە نالە - پەر-
ياد قىلىپ دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيدى.
دوختۇرلارنىڭ كايىشلىرى، تۇغقانلارنىڭ
بەزلەشلىرىمۇ تۆشۈك شارنى پۈۋ-
لىگەندەك ئۇنىڭغا زادىلا كار قىلمىدى.
ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى خۇددى مۇسا-
يوپقىلا مەنسۇپتەك، باشقا تۇغقانلارنىڭ
مېيىتقا يىغلاش ھەققى يوقتەك، ئۇ ياقا
يىرتىپ شۇنداق ياڭراق ئاۋاز بىلەن يىغ-
لاپ كەتتىكى، ئۇنىڭ جاراڭلىق يىغىسى
ئالدىدا باشقا تۇغقانلارنىڭ پەريادى
ئاڭلانماي قالدى. ئۇ، ئاخىرى مېيىتنى
ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىغا ئاۋايلاپ
ئالدى - دە، باشقا تۇغقانلىرىغىمۇ تۇت-
قۇزماي ئۇدۇل ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

× ×

مۇسا يۈپنىڭ كۆڭۈل تارازىسى ئانىسى-
نىڭ بۇگۈنكى قىرىق نەزىرىسىنىڭ يىگىرمە
نەزىرىسىگە قارىغاندا كاتتا، داغدۇغىلىق
ئۆتكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقتى. قوش قا-
ناتلىق دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تى-
زىلىپ كەتكەن ھەر خىل شەكىلدىكى كى-
چىك ماشىنا، ۋېلىسىپىتنىڭ كۆپلۈكىلا بۇ
نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.
كەچ كىردى، ئەتىگەندىن بېرىقى ئا-
يىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان
مېھمانلارمۇ ئۈزۈلدى. پۇت - قوللىرىغا
ھاردۇق يەتكەن مۇسا يوپ ياستۇقنى يا-
پاشلىغىنىچە مېھمانلارنىڭ ئاتىغانلىرىنى
ياتچۇقىدىن تۆكۈپ رەتلەشكە باشلىدى.
ئۇ، مىخ ساندۇققا ئەن رەختلەرنى قات-
لاپ سېلىۋاتقان ئايالىغا قاراپ قويغان-
دىن كېيىن، قولىدىكىنى بىردۇ بىر سا-
ناپ كۆرۈۋىدى، ئىككى توقماقتىن كۆپ-
رەك بىر نېمە بولۇپ چىقتى. لېكىن، نېمىش-
قىدۇر ئۇنىڭ قوشۇمىسى سەل تۈرۈلۈپ
چىرايىدا خاپىلىق ئەكس ئەتتى. قارى-
غاندا، ئۇ بۇنىڭغا رازى بولمىغاندەك قى-
لاتتى، ئۇ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ھېساب-
لاپ كۆردى. نېمىنى ھېسابلىغاندۇر- دەپ
ئەجەبلەنمەك، ئۇ ئىنچىكە ھېسابلاش ئار-
قىلىق، ئانىسىنىڭ يىل نەزىرىسىگە يەنە
ئون ئايچە ۋاقىت بارلىقىنى ھېس قىلدى-
دە، ئېغىر خۇرسىندى.

(بېشى 96- بەتتە)

مەستلىككە يولۇقۇپ قالىدۇ. يەنە نومۇس قىلمايدىغان نەرسىدىن نومۇس قىلىدۇ،
نومۇس قىلىغۇدەك نەرسىدىن نومۇس قىلمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق، ئەخمەقلىقنىڭ
تەسىرى. بۇ ئىشلارنى ئېيتساڭ قايسى بىرلىرى «راست - راست» دەپ بوينىغا ئالىدۇ.
بۇنىڭغا ئىشەنمە، ئەتىلا ئۇمۇ ھېلىقىلارنىڭ بىرى بولۇپ كېتىدۇ. كۆڭلى تۈيۈپ، كۆ-
زى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ھايۋانغا ئوخشاش ئاۋۋالقى ئادىتىدىن ئۆزىنى توختىتالمايدۇ. بىر
تۇراقسىزلىققا چۈشۈپ كېتىدۇ، ھېچكىم توختىتالمايدۇ ھەم ئۇقتۇرالمايدۇ. قازاققانا-
داقلا يامانلىققا ئادەتلەنسە، ئۇ ئادەتنى ئىختىيارسىز قورققاندا ياكى ئۆلگەندە توخ-
تايدۇ. بولمىسا ئەقلى بىلەن يېڭىپ، بۇ ئىشىم تەتۈر ئىكەن دەپ بىلىپ، ئويلىنىپ،
ئۆز - ئۆزىدىن توختىغان ئادەمنى كۆرمەيسەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

# هــارام

( ھېكايە )

ئەزىز ئىسمەن

ــ خۇدايا ـ خۇداۋەندە، ئاجىز بەنـ
دەڭمەن، سەن مېنى پاك يارىتىپسەن، يە ـ
نە پاك كەتكىلى ئىسىپ قىلغايسەن. شەيـ
تانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىغايسەن، بىر
پۇلغا چاغلىق ھەققۇل ئەپىنى، تۇل خـو ـ
تۇن، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم ـ يېسىرنىـڭ
ھەققىنى يېگۈزمىگەيسەن. غەيـۋەتتىـن،
پىتنە ـ پاساتتىن، ئۇرۇش ـ تالاش، جېـ
دەل ـ ماجىرادىن يىراق قىلغايسەن، ئەي
خۇدا، بىزدەك مۆمىن بەندىلىـرىـڭدىـن
شەپقەت ـ مەرھەمىتىـڭنى ئايىمىغايسەن…
مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھاشىمخەلـ
پىتىم بۈگۈنكى بامدات نامىزىدىن كېيىن
جامائەتكە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ناھايىتى ئۇـ
زاق دۇئا ئوقۇدى، ئۇ ھەر ۋاخـلىـق نا ـ
مازدىن كېيىن مىسكىن ئاۋاز بىلەن يۇ ـ
قىرىقى تىلەك ـ ئىلتىجاسىنى تەكرارلاشقا
ئادەتلەنگەن، جامائەتكە بۇ «دۇئا ـ تەگـ
بىر» مۇ دېگۈدەك يادا بولۇپ كەتكەنىدى.
ئەمما، خەلپىتىم بۈگۈن ئاشۇ ئۆلچەملىك
دۇئانىڭ كەينىگە يەنە «ئەي داستىخىنى كەڭ
ئاللا، بىزدەك مۆمىن بەندىلىرىڭدىن رىسقى ـ
نېمەتلىرىڭنى ئايىمىغايسەن، كۆرۈنەر ـ
كۆرۈنمەس بالا ـ قازادىـن، قۇرۇق سۆز،
قۇرۇق تۆھمەتتىـن، يامان سـۆز، يامان
كۆزدىن ساقلىغايسەن!…» دېگەنلەرنى قو ـ
شۇپ قـويدى. خەلپىتىمنىڭ تـۆكمەس
تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرى جامائەتنى بېزار
قىلغان، ئۇلارنىڭ دۇئاغا ئېچىلغان قول ـ
لىرىنى تالدۇرغان، ھېيەتتىنا ئاللىكىبىلەرـ
نىڭ تاھارىتى قىستاپ كالتە يۆتەل بىـ
لەن ئۇنى دۇئادىن پـارىغ بولۇشقا ئۈنـ
دەشكە باشلىغاندىلا «ئامىن ئاللاھۇ ئەكـ
بەر» نىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. جامائەت يۈز ـ
ساقاللىرىنى سىيپاپ، توپا ـ تۇمانلىرىنى
قېقىشتۇرۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ
دە، مەسچىتتىن سىرتقا چىقتى.
ھاشىم خەلپىتىم ھەممىدىن كېيىن ئور ـ
نىدىن تۇرۇپ، ئـويۇقتىـكـى داد باسقان
قۇلۇپنى ئـالدى ۋە مـەسچىت ئىـشىكىنى
قۇلۇپلاش ئۈچۈن كېتىۋېـتىپ بوسۇغا تۇـ
ۋىدە تومپىيىپ ياتقان كـۆك تىزا قېپىنى
كۆرۈپ قالدى. خەلپىتىم گويا مۈشۈك چاشـ
قانغا ئېتىلغاندەك ئېڭىشقىنىچە تىزا قېـ
پىنى ئېلىپ يەكتىكىنىـڭ ئىچ يانچۇقىغا
تىقتى. ئاندىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك قىـ
ياپەتتە بوسۇغىدىن ئـاتلىدى ـ دە، ئىـ
شىكنى قۇلۇپلاپ ئۆيىگە قايتتى.
ھاشىم خەلپىتىم ئۆيىگە كەلگەندە، دەم
ياتقۇزۇلغان پـولۇنى لـىگەنگە ئـۇسـۇپ
داسـتـىـخـانـغـا قـويـغـان سـارىـخـان
ئېرىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى:
ــ ئۆيـدە ئەتكەن پولۇ دېگەن باشـقا
گەپ، نەزىرنىڭ پولۇسىنى تولا يەپ زىـ
رىكىپمۇ كەتتىلە ھەقـىچان، سۇغۇپ قالـ
مىسۇن دەپ، سىلە كەلگىچە قازانـنى ئو ـ
چاقتىنمۇ ئالمىدۇق. قېنى، تـېزراق قول
ئۇزارتسىلا؟
ــ كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىش
قىلىدىغان خوتۇناي سىلە، بۈگۈن كۆڭلۈم

پولۇ تارتىپ تۇراتتى، ـ ھاشىم خەلپىتىم شۇنداق دېگىنىچە لىگەن تەرەپكە سۇرۇلدى.

ئېرىنىڭ ماختىشىدىن سۆيۈنگەن سارىخان ئۇچاقنىڭ چوغ ئۈستىدىن چەينەكنى ئېلىپ خەلپىتىمنىڭ پىيالىسىغا قېنىق دەملەنگەن دورا چايدىن لىقلاپ قۇيۇۋېتىپ قىزى قەمبەرنىسا تەرەپكە ئىزا تارتقاندەك قاراپ قويدى.

ئۇلار راسا ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ، نامازخانلار قەۋمىگە يېڭىدىن قېتىلغان يېتىم بالا رىشىت كىرىپ كەلدى. خەلپىتىمنىڭ يۈرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك «قارت» قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سىپايىلىق بىلەن سورىدى:

— رىشىت ئاخۇن بالام، كەل، يۇقىرىغا ئۆت، ئاللا رىسقىڭنى بىزنىڭ داستىخانغا سالغان چېغى، غىزالانغاچ پاراڭلىشايلى، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

— رەھمەت، غىزاغا تاۋىم يوق، خەلپىتىم، مۇنداق ئىش ئىدى، ـ رىشىت بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ناھايىتى تەڭلىكتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا ئىزا قېپى بار ئىدى، ئىچىدە... ئىچىدە تۈنۈگۈن ساتقان توپاقنىڭ پۇلى...

— چۈشۈرۈپ قويۇپسەنمۇ بالام؟ نەدە چۈشۈرۈپ قويغانسەن ئۇنى؟ ئەستا...

— تېخى ئەتىگەندە، بامداتقا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئىزادانىنى ئىچ يانچۇقۇمغا سېلىۋېدىم، مەسچىتتە چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. ھەممە جامائەتتىن كېيىن ئۆزلىرى چىققان، ناۋادا سىلىگە ئۇچراپ قالغان بولسا بىرەر مىسكىن دەپ...

— بالام، ـ دېدى خەلپىتىم تەھدىت تەلەپپۇزىدا، ـ ماڭا ئەسلىدىن ھارام سىڭمەيدۇ، ھارام ياراشمايدۇ. ئانامدىن تۇغۇلۇپ مۇشۇنچە بولۇپتىمەن، بىرەر كىمنىڭ يىڭنىچە چاغلىق مۈلكىگە، سىنتقا چاغلىق پۇلىغا قارا سانىغان بەندە ئەمەسمەن. ئەگەر ئۇ تېزراق ماڭا ئۇچرىغان بولسا مەسچىتتىلا بىر نۆۋەت مەتىم؟ يانچۇقلىرىڭنى ئوبدانراق قاراشتۇرۇپ باق بالام، ئەستەرى بىلەن تەگىنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە...

— خەلپىتىم، باقمىغان، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، چوقۇم مەسچىتتە چۈشۈپ قالدى.

— ئۇنداقتا، پېشىن نامىزىدا جامائەتتىن سوراپ كۆرەيلى، بالام. ئىچىڭنى پۇشۇرما. پۇل دېگەن نېجىسنى دەپ كۆڭۈل خانەڭنى غۇبارلاشتۇرما، پۇل ھارامغا يېقىن ئېزىتقۇ نەرسە، مەسچىت دېگەن ئاللانىڭ ئۆيى، ئاللانىڭ ئۆيى ھارامدىن خالى!

— خەلپىتىم، ئاشۇ «ھارامدىن خالى ئۆي» دە بىر يازئەجىر قىلىپ بورداپ ساتقان توپاقنىڭ سەككىز يۈز كوي پۇلى يوقاپ كەتسە كىمنىڭ ئىچى پۇشمايدۇ؟ ـ رىشىت شۇ گەپنى دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى. خەلپىتىم بالاچاقىلىرى ئالدىدا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۈستىدە تومپىيىپ تۇرغان ئىزادانىنى سىيلاپ ـ سېپىغىنىچە ئىچكىرىكى ھوجرىغا يول ئالدى...

× ×

خەلپىتىمنىڭ قىزى قەمبەرنىسا قويلىرىنى بۈگۈن ناھايىتى كەچ ئوتلىتىپ قايتتى. خەلپىتىم نامازشامنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، ئادىتى بويىچە

قويلارنى ئېغىلغا ساناپ كىرگۈزۈۋېتىپ قىزىدىن سورىدى:

— ۋۇي؟ بىر قوي ئوشۇق تۇرىدىغۇ؟ كىمنىڭ قويى بۇ؟

— كىمنىڭ قويىكىن - تاڭ، ئەتىگەن ئاۋۇ ئالا قوي بىزنىڭ قويلارغا قوشۇلۇۋاپتىكەن. ھېچكىم ئايرىۋالغىلىمۇ كەلمىدى، - قەمبەرنىسا شۇنداق دېگىنىچە ئېغىلنىڭ غارال ئىشىكىنى زەنجىرلىدى.

شۇ كېچىسى بۇ شورپېشانە ئالا قوي كالىسى بىلەن تېرىسىدىن ئايرىلدى. تەڭكېچىگىچە خەلپىتىمنىڭ چۆيۈن قازىنىدا گۆش قاينىدى. تېخى پىشىپ ئۈلگۈرمىگەن ياتا گۆش ساندۇقنىڭ بولۇڭىدىن، ئالا تېرە بولسا قازناق ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىن ماكان تاپتى.

ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا ئاياغ مەھەللىدىكى تۇل خوتۇن ئايىمخان خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى:

— تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىزنىڭ ئالا قوي ئۆزلىرىنىڭ قويلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ، شۇنى ئايرىۋالايمىكىن، دەپ كېلىشىم ئىدى، - دېدى ئايىمخان.

— ئالا قوي سىلىنىڭ ئالا قويلىرىما؟ توۋا دېسىلە ئايىمخان، ئاخشام مەن قويلارنى بىر بىرلەپ ساناپ، ئاندىن ئېغىلغا سولىغان. قويلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنداق ئالا قوي كۆرۈنمەيتتى، - دېدى خەلپىتىم ئەنسىزلىك بىلەن.

— «توۋا» نى سىلە دېسىلە خەلپىتىم، - دېدى ئايىمخان تەئەججۈپ بىلەن، - تۈنۈگۈن قىزلىرى قەمبەرنىساخان بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن مال ھەيدەپ ئۆتكەندە بىزنىڭ ئالا قوي ھويلىدىن چىقىپ ماللىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئىش - كۈشلىرىمنى تۈگىتىپ چىقسام قىزلىرى قويلارنى ھەيدەپ خېلى يىراققا كېتىپ قاپتۇ. كەچ تەرەپتە سىلىنىڭ مالنى باشقا يول بىلەن ھەيدەپ قايتقاچقا، قويۇمنى ئايرىۋالالمىدىم...

— قويلىرى قوشۇلۇپ قالغان بولسا ئېغىل ئاينا، ئايىمخان، ئېغىلنى باقسىلا، ئالا قويلىرى ئېغىلدا بولسا مەندىن سورىماي ئەكېتىۋەرسىلە، - خەلپىتىم تەئەددى بىلەن قوي سولانغان ئېغىلنى كۆرسەتتى.

ئايىمخان قوي ئېغىلغا بويۇنداپ سەپسېلىپ چىقتى، ئالا قوي كۆرۈنمىدى.

— يوقمىكىن؟ - خەلپىتىم شۇنداق دەپ سورىدى ۋە قوشۇپ قويدى، - مەن ئاللانىڭ ئىخلاسمەن قۇلى، ھالال - ھارامنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار، ئەزەلدىن بىراۋنىڭ ھەققىنى يەپ سالغان بەندە ئەمەسمەن، سىلە تېخى قويلىرىنى مەن يەپ كەتكەندەك گۇمان قىلىۋاتامىلا؟ بىلىپ قويسىلا ئايىمخان، ئاللا ئىگەم ھازىرغىچە ماڭا بىر كىمنىڭ قىلىغا چاغلىق ھارام نەرسىنى يېگۈزمىگەن. مەن پاك مۇسۇلمانمەن، ماڭا ئۇنداق قارا چاپلىغاندەك گەپ قىلمىسىلا.

ھاشىم خەلپىتىم ئەزۋەيلەپ سۆزلەۋاتقاندا بۇ يەرگە خېلى كۆپ قوشنا - قولۇملار يىغىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار كىمنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقىنىنى بىلمەكچىدەك، بىردە ئايىمخانغا، بىردە ھاشىم خەلپىتىمگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشماقتا ئىدى،

ئايىمخان نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى ئۇقالماي بىردەم خەلپىتىمگە، بىردەم يىغىلغان ئادەملەر توپىغا ئىلتىجانە زەردە تىكىلەتتى. كۈتۈلمىگەندە خەلپىتىمنىڭ ئالا كۈچۈكى بىر قوينىڭ تېرىسىنى چىشلىگىنىچە ئىچكەركى ئۆي

(ئاخىرى 48 - بەتتە)

# يوقاقۇن بۆركۈتى

(خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مائارىپنى قوللاش ئەمگەكچىسى كېرەم ئىمىنغا بېغىشلايمەن)

**ئابدۇغېنى سىيىت**

بۇ قىسمەتكى - قەلبى خىسلەت باغچىسى،
ئەلگە تەقدىم بارلىقى، پۇل - ئاقچىسى.
ئۆزى دېھقان بارچە دېھقان ياخشىسى،
جاسارەتلىك بىر ئوغلاننىڭ ناخشىسى.

ئىسىل ئارزۇ - ئۇچقۇن بولۇپ چېچىلدى،
مەرىپەتكە تەشنا ئاشۇ يۈرەكتىن.
مەدەت بېرىپ ئۇ سەھرا - چەت يېزىغا،
يوقاقۇننى جانلاندۇردى بۆلەكتىن.

ئۇ دېھقانكى قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى،
ئىسيادى ئەل غېمىنى ئويلايدۇ.
قېرىنداشلار تۆكسە ئاقا سىرىنى،
كۆڭۈل بۆلۈپ بۇ پىكىرنى قوللايدۇ.

× ×

بوستاندىكى پېشايۋانلىق چوك ئايۋان،
«ئەدىيال» نۇسخا گىلەملەردە بېزەلگەن.
سۆزلىمەكتە بىزگە دېھقان - ساھىبخان،
(چۈنكى سورۇن سۆھبەتكە خاس تۈزۈلگەن)

«...ئىتىز قاندى سۇ يوللىرى يۈرۈشۈپ،
ئوخشاپ كەتتى زىرائەتلەر - ھوسۇللار.
پۇراق چاچتى ئىسلاھاتنىڭ گۈللىرى،
پەن - تېخنىكا، يېڭى ئىلمىي ئۇسۇللار.

مەن ئىشلىدىم، يۇرتداشلىرىم ئىشلىدى،
مۇھتاجلىقنى قوغلايلى دەپ يىراققا.
چۆمدى ئەل - يۇرت ئېلېكترنىڭ نۇرىغا،
لېكىن خەلق تەشنا بىلىم - چىراغقا.

يول ئاسفالت ئەتراپ بوستان، سۈيى مول،
ھەر ئىچىقتا بىتون زاكۇ قۇرۇغلۇق.
ئادەملەرچۇ، ئىشچان تاغنى يۆتكىدەك،
ئىتىزىمىز شۇنچە مۇنبەت ھوسۇللۇق.

شۇنداق، بۇ يەر تېخى نامرات نېمە ئىش؟
نېمە ئىش بۇ تۈگىمەمدۇ گادايلىق؟
پۇت - قولىمىز ساق تۇرۇقلۇق نېمىشقا؟...
قۇرالمايمىز باياشاد يۇرت چىرايلىق.»

دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ تولغىنىپ،
تاڭ ئاتقۇزدى كېچىلەرنى ئارامسىز.
ئەل كۆڭلىنى قامالىغان جۇپ تىرناق —
نادانلىق ھەم نامراتلىقتۇر رەھىمسىز.

ئۆز - ئۆزىگە دېدى مەنغۇ بېيىدىم،
كىنو قويۇپ، كىرا توشۇپ، ئۇن تارتىپ.
سەپەردىكى كارۋان بولۇپ توختىماي،
مەنزىل قۇچتۇم تۇلپارىمغا يۈك ئارتىپ.

كارخانامدا ھەر خىل نۇسخا گىلەملەر،
پۈتەر ئايدا ئونلاپ - ئونلاپ ئۆزۈلمەي.
يۈكسەلدۈردى مېنى يېڭى سىياسەت،
مۇمكىنمىدى بېيىش پەرمان تۈزۈلمەي؟

بۈگۈن قولۇم نەگە سۇنسام يېتىدۇ،
پادا - پادا چارۋام ئوتلار يايلاقتا.
يېڭى دەۋران بەرمىسە كۈچ - ئىلھامنى،
نەدە ئىدى يۈكسىلىش بۇ ئايماقتا؟

قېرىنلارغۇ مەيلى «تۈرۈك» قېپقالدى،
نادانلىقتىن نادامەتتى ئاز ئەمەس.
نەچچىسىنىڭ پۈتۈن ئەمەس نېنىمۇ،
تۇرالمىدى ئورنىدىن ئاھ!... تېخى دەسىپ؛

كېرەم ئىمىن بەل يەشمىدى مەردلىكتىن،
ئاڭلىسىمۇ تاپا ـ تەنە، مەسخىرە.
سالدى مەبلەغ باشلانغۇچقا تۆت تۈمەن،
بۇ مەردلىككە جۆر بولدى ئەل-ھەمشىرە.

ئۆسمۈرلەرچۇ ئوقۇيالماي ـ ئۆگەنمەي،
نادان قېلىپ تارتىسۇنمۇ دەرد ـ پىراقنى؟
ساۋاتسىزلىق زاۋال تاپسۇن، ئەۋلادقا ـ
مەكتەپ سالاي يېقىن قىلىپ يىراقنى!...

دەيتتى خەقلەر كېرەم ئىمىن باي بولدى،
يانچۇقىدا، بانكىدا جىق پۇلى بار.
قانداق قىلار ئاشۇ پۇلنى شۇ كەمدە ـ
كۆك ئاسمانغا سۇنسا يېتەر قولى بار.

نەچچە مىڭ جۈپ توخۇ ـ ئۆردەك دانلايدۇ،
گۆشلىرى پۇل، تۇخۇمى پۇل خەزىنە.
نىيەت قىلسا سەۋەب ئىستەپ بارماققا،
يىراق ئەمەس مەككە بىلەن مەدىنە.

بىرى دەيتتى يۇرتقا مەسچىت سالدۇرسا،
ساۋابلىقنى ئېتەك ـ ئېتەك ئۇساتتى.
بۇ ئالەمدە دۇئا ئالسا ئەل ـ يۇرتتىن،
ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى توساتتى.

بىرى دەيتتى چىقىپ كەلسە چەت ئەلگە،
ئايروپىلان، پويىزلارغا ئولتۇرۇپ.
شۇغۇللانسا سودا بىلەن بىرى مىڭ،
كىلەر ئىدى يانچۇقنى تولدۇرۇپ...

كېرەمباينىڭ ئىدى ئويى باشقىچە،
بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش يۇرتىغا.
«مەكتەپ سېلىپ بالىلارنى كىرگۈزسەم،
جەلپ قىلىپ باشلانغۇچقا ـ ئورتىغا»

ـ نېمە دەگلار ھالال ئىشلەپ پۇل تاپتىم،
يېزىمىز چەت، مەكتەپ يىراق-بەك يىراق.
قىشتا سوغۇق، يازدا كەلكۈن دەستىدىن،
ئەۋلاد ئۆتتى خەت ـ ساۋاتى چولتىراق.

مەن قىينالدىم، زاماندا‌شلار قىينالدى،
ئاشۇ تارتقان كۈنلىرىمىز يەتمەسمۇ؟
مەسچىت ئەمەس مەكتەپ سېلىش پىلانىم،
شۇنداق قىلسام ئەل-يۇرتقا نەپ يەتمەسمۇ؟

راست نادانلىق بېشى ئىكەن ئاپەتنىڭ،
چېھرىن كۆرمەي ئۆتىمىزمۇ راھەتنىڭ.
قوزغالمىساق ۋاقىت ساقلاپ تۇرامدۇ،
سترېلكىسى مېڭشۋېرەر سائەتنىڭ؟...

بىر كۈنى كەچ داستىخاندا ئولتۇرۇپ،
سۆزلىدى ئۇ ئايالىغا پىلانىنى.
ئامىنىخان ئىشچان جۆرە دىلكەشى،
ھېس قىلاتتى بەك چوڭدەك بۇ ئارمانىنى:

ـ ماقۇل، لېكىن مەكتەپ سېلىش چوڭ بىر ئىش
تاپقان ـ تەرگەن پۇللار توكەپ قورۇلۇشتا.
توختاپ قېلىپ يېرىم يولدا ئىشىمىز،
ئائىلىمىز قىسىلماسمۇ تۇرمۇشتا.

دېدى ئايال دەرگۇمانىدا ۋە لېكىن،
رەت قىلمىدى ئۇنىڭ پىلان-كېپىنى.
ـ بىلىم ئالار تۆت بالا، ياق، يۈز بالا،
بىلىپىسلەر ئەمدى ئىشنىڭ ئېپىنى!...

ئۆلچەپ كېرەم مەھەللىنى قانچە رەت،
ئارىلىقنى ھېسابلىدى قەدەملەپ.
يەر تاللىسا مەكتەپ ئۈچۈن كۆڭۈللەپ،
ھە، بەزىلەر دەيتتى ئېغىز ئۈمەللەپ.

ـ مەكتەپ سېلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىغۇ،
نام ـ ئاتاقتىن نېمە كەپتۇ پۇقراغا.
ئاتا ـ ئانانىڭ ئوقۇمايمۇ مەكتەپتە،
ھايات يۈرگەن مېھرىن بېرىپ سەھراغا.

يەر كۆرسەتتى بىرى ياقا سايلىقتىن،
مەكتەپ غەلۋە، لايىق مۇشۇ چەت يەرگە.
ئاش تېرىماي جانىنى قانداق باققۇلۇق،
خۇددى تاۋار كۆلىدەكلا ئەت يەرگە.

ئۆرۈكزاردا قەد كۆتەردى ئۈز بىنا،
سىنىپلىرى شۇنچە يورۇق ئازادە.
بويۇن قىستى ئەل ئالدىدا نادانلىق ـ
ھامىيلىرى بولۇپ باغرى چاك-پارە.

توختىمىدى، ئوتتۇرا مەكتەپ سالدى ئۇ ـ
ھەمىيانىدىن تۆكۈپ ئوتتۇز تۈمەندەك.
سەككىز سىنىپ، بېتونلانغان كەڭ مەيدان،
شادلىق بەردى سەبىيلەرگە گۈلقەنتتەك،

ئارقىدىنلا دوختۇرخانا سالدى ئۇ،
كاردىۋاتلىرى تولۇق، رەتلىك سەپلەنگەن.
سۆيۈنگەچكە يوقاقۇنلۇق بىمارلار،
كېرەمبايغا چىن قەلبىدىن تەلپۈنگەن.

ئۆسمۈرلەرنى، يولۇچىنى يۇتالماس،
بۇكۇن قىيان، بورانچىنىڭ① كەلكۈنى.
سالدى كۆۋرۈك قايتاق يولى تۇتاشقاچ،
ئۈزۈلمەيدۇ ئاپتوبۇسلار ھەر كۈنى.

مەسچىت سالدى يەتتە تۈمەن ئېھسان قىپ،
دەرۋازىسى، تام مېھرابى ناۋالىق.
بولدىغۇ ئۇ ئەل رايىغا جەننىتى،
تېپىپ ساۋاپ ئاخىرەتلىك - خۇدالىق.

مەرىپەتنى سۆيەر ئەسلى خوتەنلىك،
كېرەم ئىمىن شۇ خوتەنلىك نەسلىدىن.
ئالتۇن مۇنار تىكلىدى ئۇ ئەۋلادقا،
قارالڭ ئەنە جۇلاسىغا رەستىدىن.

مەكتەپ، كۆۋرۈك، دوختۇرخانا، مەسچىتتە،
يەتمىش تۈمەن پۇلىبار، تەر-ئەجرى بار.
شۇنداق ئەلگە جېنى پىدا ئوغلانىنىڭ،
نامى ئۆچمەس، ئەل قەلبىدە قەدرى بار.

پەرۋاز قىلغىن يوقاقۇنىنىڭ بۈركۈتى،
تاڭ نۇرىدا جۇلالىسۇن قاناتىڭ.
دەۋران گۈزەل ئىمكان شۇنچە كەڭساگا،
تاڭ قۇياشى كەبى پارلاق ھاياتىڭ.

◁••••••••••••••••••••••••••••••••▷

## گۈلگۈن تىنىقلار

### تۇراپ دائىم

#### چىنار

پايخان بولغان چىناردىن،
كېلەر يەنە چىنار پۇرىقى.
چىنار بولۇپ ئۆسمەكتە،
يەرگە چۈشكەن ئۇرۇقى

#### ۋاپادار

ياقا يىرتىپ قان يىغلىدى غۇنچە،
قۇرت يېگەن يىلتىزىغا شۇنچە.

#### تارىخ

قۇرۇپ قالغان قوناق شېخىدىن،
ئۇچۇپ كېلەر دېھقان تىنىقى.

#### يالداما

كونا تامدا ئانام تىنىقى،
كۈلدەك گۈزەل بۇدەم قۇچىقى.
تامدا قالغان ياغاچ قوزۇق،
بار ئۇنىڭدا جان-دادامنىڭ بارمىقى.
بارماق ئىزى نەپىس بىر سۈرەت،
نۇر ياغىدۇ كۈندە قوزۇقتىن.
مېھىر تۆكەر ئاشۇ يالداما،
قۇچىقىمدا كۈلگەن يۇلتۇزدىن.
يۇلتۇز نېمە؟
تاڭدا كېتىدۇ.
دادام، ئانام ھەر بىر دەقىقە،
ماڭا ئىشتا مەدەت بېرىدۇ.

#### قۇلاقسىز يىلان

يىلان كۆرەر ھەر بىر ئىنسانىنى،
ئاڭلىيالماس نېمە دېگەننى.
قۇچاقلاپ يۈرەر ئاشۇ ئارمانىنى،

چاقار ھەسەت بىلەن تىنىمسىز،
بىخۇت تۇرغان ھەر جاننى.
بولمىغاچقا بىر جۈپ قۇلىقى،
ئۈزۈن شۇڭا ئۇنىڭ قۇيرىقى.

---

① بورانچى - يوقاقۇن بىلەن قايتاقتىن ئىبارەت ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدىكى دەريا.

## «پاياندار» ستونىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

# يۇرتۇم يوللىرى

**مەتتۇرسۇن ھەسەن**

تاغلارغا يېيىلغان مېنىڭ بۇ يۇرتۇم،
كېزىدۇ باغرىنى سەلكىن، زىيالار.
سارغايغان قىياقلار ئەگىيدۇ لەرزان،
سۆكۈنات ئىلكىدە چەكسىز دالالار.
ساھىللار لېۋىگە يېيىلغان توزان،
مانىنغا پۈركىنىپ تۇرار قىيالار.

بارخانلار سوزۇلغان يىراق - يىراققا،
چاڭقىغان تۇپراقلار يېرىلغان چاك-چاك.
ئاداققى ياپراقلار تىترەيدۇ ھالسىز،
شەبنەملەر يايىدۇ زېمىنغا قۇچاق.
گۈلخانلار يېنىدا يانپاشلار بوۋاي،
يېلىنجار ساماۋى چۆچەكتەك ئوچاق...

قاچاندا، قاياقتىن باشلانغان بۇ يول،
كىملەردىن ئاپىرىدە بولغان ئىزناسى.
ۋاقىتسىز كۆمۈلگەن يوللار تەكتىگە —
قانچىلاپ كارۋاننىڭ سۆيگۈ نىداسى.
ئۆتتى كۆپ ھاياتلىق چىغىر يول بويلاپ،
كۆرسەتكەن دوزاخنى يولنىڭ جاپاسى.

كولدۇرما ئاۋازى سىڭگەن چۆللەرگە —
ماتورلار سايرىشىپ بەردى ئويغىنىش.
قۇياشتىن رەڭلەنگەن يۇرتۇم يوللىرى،
ئېدىرلار باغرىغا تۆكتى سۆيۈنۈش.
ئاداققى ئۇپۇققا سوزۇلغان يوللار،
تولدۇردى دىللارغا بەخت - ئىنتىلىش.

يوق بۈگۈن قەدىمكى توپىلىق يوللار،
ئۇندا ئاي، يۇلتۇزلار كۆرەر ئەكسىنى.
گۈزەللىك نۇرىغا چۆمدى قەلبلەر،
ئۇرغۇتقاچ يۇرت خەلقى ئەمگەك ئىشقىنى.
ئارمانلار كۈلمەكتە، يوقتۇر زارىقىش،
چاتتى چىڭ بۇ يوللار سۆيگۈ رىشتىنى.

بۇ يوللار تۇتاشقان گۈزەل ئىستىقبالغا،
ئۈمىدلەر، ئىشەنچلەر شۇنچە ئۇلۇغۋار.
يەتكۈزەر ۋىسالغا بۈيۈك روھلارنى —
بۇ يوللار، كۆكسىدە سۆيگۈ ئۇلغىيار.
خەلقىمنىڭ پەخرى ھەم غۇرۇرى، بەختى،
ئۇلۇغلۇق بابىدىن پاياندار يايار.

# لىرىكىلار

**مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى**

**بەزىدە**

بەزىدە جىلۋىلىك بېقىپ ئەي پەرى،
تاڭدىكى قۇياشتەك كۈلۈپ كېلىسەن.
بەزىدە بۇلۇتنى قامچىلاپ مىنىپ،
ئاققۇدەك يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىسەن.

بەزىدە باھارنىڭ شامىلى بولۇپ،
خۇشپۇراق ئىپارنى چېچىپ كېلىسەن.
بەزىدە يېتىلگەن قىزدىل ئالىمىدەك،
مەڭزىڭنى مەڭزىمگە يېقىپ كېلىسەن.

بەزىدە ھەر باسقان قەدەملىرىڭدە،
چىرايلىق گۈللەرنى ئېچىپ كېلىسەن.
بەزىدە چېھرىڭدىن قار – مۇز ياغدۇرۇپ،
خاپىلىق، زەھەر، غەم چېچىپ كېلىسەن...

◁〰〰〰〰〰〰〰▷

## خىيالىمنى قارغا ئورىسام...

**ئەسقەر مەتقۇربان**

زىمىستان قىش، قار ياغقان كېچە،
ھۇشقىيتىدۇ يولدا شىۋىرغان.
جىمى جانلىق ھارارەت ئىزلەپ،
ئۇۋىسىدا ئارامگاھ قۇرغان.
جۇغۇلدايدۇ سوغۇقتا تېنىم،
سانجىلار سوغ ئىسسىق يۈزۈمگە.
نالە قىلىپ ئايىغىمدا قار،
بىر غەشلىكنى سالار ئېسىمگە.
قارنى قوچۇپ كېتىپ بارىمەن،
ياق، قار قوچار ئۈستى – بېشىمنى.
خىيالىمنى قارغا ئورىسام،
مۇزدەك تىترەك باسار تېنىمنى...

× ×

شۇ يىلىمۇ قار پەسلى ئىدى،
قاردىن ئاق تون كىيگەنتى زېمىن.
ئۇچرىشىشنىڭ تەقەززالىرى،
ۋۇجۇدۇمدا ئىدى شوخ كىمىن.
ئاق رومالغا ئورىنىپ شۇ چاغ،
كەلدىڭ غەمكىن يېنىمغا دىلدار.
ئاق تىنىقىڭ قاپلار يۈزۈڭنى،
كىرپىكىڭدە ئاق ئۈنچە چاقنار.
پەرىشتىدەك گۈزەل كۆرۈندىڭ،
ھەيران قالدىم كۆزۈڭگە پۈتمەي.
قوچاقلىدىم باغرىمغا بېسىپ،
سېنىڭ ماقۇل سۆزۈڭنى كۈتمەي.
خېجىللىقتا بېرەلمەي جىداش،
ئانارگۈلدەك قىزاردى يۈزۈڭ.
يېنىككىنە يۇلقۇنۇپ مەندىن،
پىچىرلىدىڭ چىقمىدى ئۈنۈڭ.
قوچاقلىدىم ئوتلۇق دىلىڭنى،
ئىسسىق ئېقىم قوچتى تېنىمنى.
جۇپ گەۋدىنى ياپتى ئاق چېچەك،
قاپلىغاندەك چېچەك بېغىمنى.
ئاھ، شۇ مىنۇت قانچىلىك قىممەت،
شۇ ھالەتلەر نەقەدەر گۈزەل.
خىيالىمنى قارغا ئورىسام،
ئىسسىق باسار جىسمىمنى تۈگەل.

× ×

ئۆكسۈشىڭدىن چۆچىدىم، ئەجەب،
جۈپ بۇلاقتىن تۆكۈپسەن ئۈنچە.
قولۇڭ مۇزدەك، سوۋۇغان، لېۋىڭ –
گۈل بەرگىدەك تىترەيدۇ شۇنچە.
يېشىڭ تامچىپ چۈشسە يۈزۈمگە،
شۇ ۋاقىتتا بىلەلمەپتىمەن.
جۈپ يۈرەكنىڭ تەپتىدىن بەلكىم،
ئېرىپ چۈشكەن قاردۇر دەپتىمەن.
مۈشكۈل سەپەر چىللىغان كۈنى،
شۇ ھالەتتە ئۇزاتتىڭ مېنى.
يۈرەكلەردە تالاي سۆز قالدى،
ياندى دىلدار ھىجران يالقۇنى.
مەشئۇم كېسەل نازۇك جېنىڭغا،
سۇنغانىكەن ئىبلىس قولىنى.

ئاياپ مېنى بۇ ئېغىر دەردتىن،
يوشۇرۇپسەن مېنىڭدىن ئۆنى.
ئېيتقانىمىش ئەزرائىل ساڭا:
«ئېلىپ كېتەي جەننەتكە سېنى».
دەپسەن: «جەننەت نە كېرەك ماڭا،
قالسا يۈرەك ـ باغرىمنىڭ تېگى»...
قېنى ئۇ ياش ۋۇجۇد، ياش يۈرەك،
قېنى ئوتتەك ۋىسال ئارمىنى؟!
قىسمەتلىرىنى قىستاپ ـ سوراقلاپ،
ئاق زېمىندىن ئاقتۇردۇم سېنى.
مەجنۇن كەبى توۋلاپ ـ ۋارقىراپ،
ئەزرائىلغا قىلىمەن خىتاپ:
قار پەسلىدە مېنى ئۇزاتقان،
قاردەك گۈزەل جانانىمنى تاپ!

ئىزلەپ سېنى ھەر قار پەسلىدە،
ئاق زېمىنغا باسىمەن ئاياغ.
مەجنۇن كەبى توۋلاپ ـ ۋارقىراپ،
ئەزرائىلغا قويىمەن سوراق...
قارلىق يولدا كېتىپ بارىمەن،
كۆكتە ئاپئاق تۇمان ھۆكۈمران.
سۈكۈت باسقان زېمىننى، بىراق —
يۈرىكىمدە چىقار شىۋىرغان!

× ×

قارنى قۇچۇپ كېتىپ بارىمەن،
قارمۇ قۇچار ئۈستى ـ بېشىمنى.
خىيالىمنى قارغا ئورىسام،
مۇزدەك تىترەك باسار تېنىمنى.

◁┈┈┈┈┈┈┈┈┈┈▷

# ئىككى شېئىر

**غوجئابدۇللا ناسىر**

## پۇشايماننى ساقلىغىن پىنھان

1

قۇياش ئىدىڭ، كۆرسەتمىدىڭ چېھرىڭنى ئەمما،
نۇرغا تەشنا سۆيگۈم بېغى بوپ قالدى ئىمجان.
غالىپ كەلدى پاك مېھرىڭدىن سەندە تەمەننا،
ئۇتماق ئۈچۈن قەلبىڭ مەندە بولمىدى ئىمكان.
يولىمىزدا ئۈندى تىكەن كۆركەم رەنا،
سۆيگۈم ئۈچۈن قەلبىم قېتى بوپقالدى زىندان.

2

ۋۇلىلدىغان ئالۋۇن ساڭا كۆرۈندى بىر ئوت،
ئېرىمىدىڭ قەلبىم ئارا يانسىمۇ گۈلخان.
زىمىستاندا مېنىڭ ئۈچۈن بولۇپ سوغ بۇلۇت،
ئالۋۇن ئۈچۈن قۇچاق ئاچتىڭ، قىينالدى بۇ جان.
تۆت پەسلىنىڭ ھەنىۋاسى ماڭا بولۇپ جۇت،
پاك سۆيگۈمنىڭ ياپراقلىرىن ئەيلىدى خازان.

3

يىغلىسىمۇ يۈرەك، ئەمما كۈلدۈم گاھىدا،
ئەلدە ئەلچە ياشاپ كەلدىم (سىر قالدى پىنھان).

باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىنى بەرگەندە خۇدا،
«ھەشقاللا» دەپ ھەقكە بويۇن ئەگدىم مەن شۇئان.
بۇدرۇقلارنىڭ قىقاسلىرى بەرگەندە سادا،
شادلىقىمغا تار كەلدىغۇ بۇ كەڭرى جاھان.

4

سۇلار كېتىپ قالغان چاغدا دەريا ئىچرە تاشر،
ھايات ساڭا يېگۈزۈپتۇ ئاچچىق پۇشايمان.
«ئاھ بىر چاغدا...» دېدىڭ، سىرىڭ بولۇپ قالدى پاش،
ئۇلىشىپلا مۆلدۈر كەبى تۆكۈلدى مارجان.
ئېمە كويغا سالمايدۇ، ئاھ بۇ كۆڭۈل بەگباش،
شۇنداق ئىكەن يارالمىشتا ئەسلى بۇ جاھان.

5

قىلساڭمۇ سەن تۈنجى ئىشقنى ئۇ چاغدا بەرباد،
سۆيگۈ ئۈچۈن قىساس ئېلىش نومۇس (بىگۇمان).
ئەمدى قەلبىڭ غەۋغاسىغا بېغىشلا سۇبات،
(ئەسلىمنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ جانان).
شۇ بىگۇناھ باللاردىن قىلايلى ئۇيات،
قەدىرلەيلى ئەقىدىنى، ئەقىدە—ئىمان.

6

چىدىمايدۇ كۆز يېشىڭنى كۆرگەندە يۈرەك.
ئۆتكەن ھېسلار كۆتۈرۈپ باش قوزغايدۇ غەليان.
سېنىڭ ھەر بىر ئۇھ تارتىشىڭ روھىمغا ئېكەك،
بىر ئۇھ بىلەن تۈگەر مەندە مىليونلاپ دەرمان.
ئۇ چاغلاردا سۆيگۈڭ ماڭا كۆرسەتمىگەندەك،
پۇشايمانىڭمۇ قەلبىڭ ئارا ساقلىغىن پىنھان.

## دوست

(توختىمۇھەممەت تۇردىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

مەن سېنىڭسىز ئەرشىنىمۇ قىلماس ئىدىم سەيلانە دوست،
سەن مېنىڭسىز يايرىماس، قىلماس ئىدىڭ خەندانە دوست،
تەن ئىدى ئىككى، بىراق دىللار گويا بىر دانە دوست،
سەن كېلەتتىڭ غەملىرىمگە بولغىلى غەمخانە دوست،
مەن باراتتىم دەردلىرىڭگە بولغىلى دەرمانە دوست.

دوست ئىدۇق پەرھات بىلەن شاپۇر ① مۇ ئۈلگە ئالغۇدەك،
دىل - نىيەت دۇرۇس ئىدى شەيتاننى يولغا سالغۇدەك،
مەن ئۇقۇيتتىم ناخشا، سەن بولساڭ ئەگەر ساز چالغۇدەك،
شۇ قەدەر دىلكەش - ئېجىل دوستلار ئىدۇق تاڭ قالغۇدەك،
بىرسىمىز بولساق چىراغ گەر، بىرسىمىز پەرۋانە دوست.

① پەرھات، شاپۇر - «پەرھات - شىرىن» داستانىدىكى پېرسوناژلار

ياخشى دوست جەننەت ماڭا، قەلبى قۆياش شەپقەتكە باي،
ئاتقا مىنسۇن ياخشى دوست، دەيتتىم، پىيادە مەن ماڭاي،
خۇش كۈلۈپ كەلسەڭ گويا دەيتتىم كۆڭۈلدە تۇغدى ئاي،
دىل سارىيىمدا سېنى قىلغانىدىم مېھمان تالاي،
مېھرى ئابىدىن ياساپ مەي تولدۇرۇپ پەيمانە، دوست.

سۆزلىمەككە تىل كۆيەر، ھەي، سۆزلىمەي يوقتۇر ئامال،
ئاي تۇتۇلدى كۆكتە بىردىن، سۇندى دوستلۇقتىن نىھال،
نەدە يۇقتۇردۇڭ ۋابانى، سېنى دارىپتۇ شامال،
سەسكىنىپ كەتتىم كېيىن كۆرگەچ ئەجەب بىر غەيرىي ھال،
بوپتۇ، ئېست، ئىخلاس ـ ئەقىدەم قاغدىلىپ ۋەيرانە دوست.

« توك ئىكەن » دەيدۇ كۆرەلمەس، پىشىمۇ گەر كىشمىشىڭ،
كۆكسىگە مىخ بوپ كىرەر ئەل ـ يۇرتقا ياققان ھەر ئىشىڭ،
سەن نەگەر سۇەرۇغ، بولالماس قاغا ھەرگىز دىلكىشىڭ،
بوپتۇ شانىمنى كۆرەلمەس پىتنىخورلار سىردىشىڭ،
بوپتۇ خانەڭمۇ ئۇلارغا بەزمىگاھ ـ مەيخانە دوست.

« سىر تۇتۇش دوستتىن ئۇيات » ـــ بۇ سۆزنى مەن مىزان بىلىپ،
ئېچىلىپ تۆكتۈم سىرىم ئالدىڭدا باغرىمنى تىلىپ،
قايتۇرۇپ بولمايدۇ ئەمدى گەرچە كۆپ ئالتۇن بېرىپ،
سىرى ئۇنچەمنى چېچىپسەن بەزمىدە چاچقۇ قىلىپ،
بىر تېرىق ئەيىبىم گويا بوپتۇ تۇمەنىمىڭ دانە، دوست.


جان ئەزىز، جاندىن ئەزىز ۋىجدان يىگىت بەرناسىغا،
قۇت ئېرۇر پاكلىقنى بەتلەش بۇ ئۇمۇرنىڭ ياسىغا،
دوست بىلىپ كۆڭلۈم بېرىپمەن ئېستكۆڭۈل ئەماسىغا،
باي ئىكەنسەن ھېيلە ـ نەيرەڭ، ساختىلىق دۇنياسىغا،
ئار ـ نومۇس، ۋىجدان ـ ساداقەت بابىدا دىۋانە دوست.

ھەق① ئۇچۇن سەجدە قىلىپ بارغۇ پېشانەمدە يارا،
نۇرغا باققاي تال ھامان سەن مەيلى قانداقچە تارا،
ھەق باھاچى ئەل ئۇلۇغ، قەدرىم بۆلەكتۇر ئەل ئارا،
پىتنە ـ تۆھمەتتىن غۇرۇر ـ قەدرىمگە سۇركەپسەن قارا،
بۇ قارا چىققاي يۈزۈڭگە، مەن ھامان نۇرانە، دوست.

قونىدۇ بۇلبۇل قىزىلگۈل، زاغ نىجاسەت ئۈستىگە،
كۆشنى كۆرسە ئىت شۇئان چۇشكەي سۆڭەكنىڭ قەستىگە،
جىن ھامان جىندۇركى، گەر كىمخاپ يېپىنسۇن بەستىگە،
كەلدى بەس، ئۇردۇم قىلىچ بۇ رەزگى دوستلۇق رىشتىگە،
كەلمە ئەمدى، كەلسە كۆرگۈم مەن ئەۋەتەي نامە، دوست!

---

① ھەق ـ ھەقىقەت.



**ئالىمجان رەجەپ**

دەرياغا قىيان كەلدى.

ئۆزىنىڭ قەدىملىكى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن كەڭساي جىلغىسى، نەچچە ئون گەز ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. يۈگەنسىز قىيان دەريا قىنىدا غەزەپ بىلەن قۇتراپ، ھەممىنى يالماشقا باشلىدى...

تۈگمىدى، تەبىئەتنىڭ كۆركەملىك قاياقىقىندۇر يوقالدى، جىرانىڭ زۇمرەتتەك ھۆسنى - قامىتى سولدى. قورام تاشلار، قاسقلار غۇلاپ چۈشتى...

— رەھىمسىز شاۋقۇن تەبىئەتنى لەرزىگە سېلىپ، جانلىقلارغا ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى كۆرسەتتى. تەگسىز لاي- لاتقىلار ئارىسىغا چۆكۈۋاتقان قەدىمكى دەرەخلەر، كۆۋرۈك، يول، چۆللۈك... تامام كۆزدىن غايىپ بولدى. ھاياتنى مۇشۇ دەرەخلىك ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن قەدىمكى قۇشلارمۇ ئاسمان بوشلۇقىغا ئۆزىنى ئاتتى. قەدىمكى دۇنيانىڭ شاھىدى بولغان سۈرلۈك بۇ جىلغا مىڭلاپ يىللىقنىڭ تۈيمىقى ئاستىدا قالغاندەك تىترىدى.

قىيان ئۆيلەرگىچە ئۇسسۇپ كەلدى. قەدىمكى زامانلاردىن بېرى تەبىئەت ساداسىغا، دەريا شاۋقۇنىغا، مۆلدۈرگە، جۇت- بورانلىق كېچىلەرگە، چاقماق گۈلدۈرمامىسىغا كۆنۈپ كەتكەن ئادەملەر سۈت ئۆيقۇسىدا ئىدى.

— قىيان، قىيان چۈشتى!

ئادەملەر فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇ دانىچىلىرىدەك پىتىراپ قېچىشتى، ئۇلار ھايات قېلىشتى، چوڭلار كىچىكلەرنى، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ھايات قالدۇرۇشى شەرت ئىدى. مانا بۇ ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ساقلاپ كەلگەن ئاددى مەنتىقە. ئۇلار قاچتى، مەھەللىسىنى، ئىسسىق ئۆي- ماكانلىرىنى، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلىرىنى تاشلاپ قېچىشتى. قېچىش بىلەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى، تەلۋە كەلكۈننى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمىسىمۇ، قېچىش كېرەكمۇ؟! تەبىئەت قاچقانلارنى قوللىدى. تاغ شامىلى دەريا شاۋقۇنى ئارقىلىق ئۇلارغا خىتاب قىلدى:

— قېچىڭلار، تېز قېچىڭلار، قېچىپ، يىراقلارغا كېتىڭلار! ئۇلار قاچتى، قېچىپ يىراققا بارالمىدى. ئېگىز قاسىغا چاي-

لاشقان جەننەتكە ــ كەنت تەشكىلىگە بىر ئۇال-
دى. تەبىئەتنىڭ سېھىرلىي كۈچىنى نامايان
قىلىپ تۇرغان بۇ قورغان، ئىسسىق باغرىنى
يېيىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتتى.

ئادەملەر چۈقان سېلىشمىدى، پەقەت چۈش-
تىن قورققاندەك ھەيران بولۇشتى. ئۆز-
لىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا سې-
زىۋاتقاندەك بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ،
ياش تۆكۈشتى. بىچارىلىق، قاچقۇنلۇق
تۇيغۇسى، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئەزگەن سەزگۈ-
سىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار ئې-
گىز تاغ جىلغىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئالتۇن
سودىگىرىدەك ۋاقىتسىز ئۆلۈشنى، نام-
نىشانسىز كېتىشنى خالىمايتتى. ھېچ بول-
مىسا ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ زېمىندا، كەلگۈن
ئىچىدە ھايات تۇرغانلىقىنى كىشىلەرگە
بىلدۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. ئەپسۇس، تۆت
تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ زېمىننى
قىيان بېسىپ كەتكەنلىكىدىن دۇنيا ئەھ-
لى خەۋەرسىز!

— ۋەي، ۋەي، كەلگۈن، كەلگۈن...

ھەممە يېرى چالاقسىپ تۇرىدىغان كو-
نا تېلېفون كوۋۇك ھەرىدەك غوڭۇلداشقا
باشلىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ يېتىم
جىرادىمۇ تېلېفون بار ئىدى. كىشىلەر پە-
قەت مۇشۇ تېلېفون بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۆز-
لىرىنى بۇگۈنكى دەۋرنىڭ ئادەملىرى دەپ
ھېسابلىشاتتى. بۇ يەردىكى يېڭىلىقمۇ،
تەۋەرۈكمۇ، نەچچە مىڭلىغان يۇرەكنىڭ
ئاھۇ - زارىنى تىڭشىغۇچى، شىكەستەدىل-
لارغا سىياسىي تەسەللىي بەرگۈچىمۇ،
كەنتنى، ئادەملەرنى قوغدىغۇچىمۇ، نا-
زارەت قىلغۇچىمۇ مۇشۇ كونا تېلېفون ئى-
دى. كىشىلەر گېزىت، تېلېۋىزور، ئاي-
روپىلان دېگەنلەرنى پەقەت كۆرۈپ باق-
مىغان، ئاقنۋەت تېلېفون ئۇلارنىڭ ئىسـ

مى بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇلار يەنە ئا-
زادلىق، ئىسلاھات ... مول ھوسۇل دېگەن
ئاتالغۇلارنى، مەكتەپ، پەن - تېخنىكا
دېگەن يېقىملىق ئىبارىلارنىمۇ تېلېفون
ئارقىلىق ئۆگەندى. كىشىلەرگە يول كۆر-
سەتكەن، «باي بولۇش» ئۇقۇمىنى چۈ-
شەندۈرگەن، ئىككى بىلىكىگە كۈچ، ئەق-
لىگە ئىلھام بەرگەنمۇ مۇشۇ كونا تېلې-
فون ئىدى. ئۇ ھەممىنى بىلەتتى. خۇش-
خەۋەر بىلەن ئۇلارنى بەختبۇلىقىغا چۆم-
دۈرگەنمۇ، پالاكەت بىلەن ئادەملەرنىڭ
ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەنمۇ مۇشۇ كو-
نا قاسىراق باغلاپ كەتكەن تېلېفون ئى-
دى. نۆۋەتتە ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئەڭ ئا-
لىي ھۆكۈمرانى، شۇنداقلا ئەڭ ئاددىي
چاكىرى ھېسابلىناتتى. ھەممە ئادەم ئۇ-
نىڭغا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى،
بويسۇناتتى. چۈنكى ئۇنىڭدىن يېڭى-يې-
ڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا، ھەتتا ئۆلكە
رەئىسلىرىنىڭ مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلاش-
قا بولاتتى. تېلېفون ھەر قېتىم جىرىڭلى-
غىنىدا كەنتكە بىرەر يېڭىلىق كېلەتتى.
ھېچ بولمىسا، قۇەساڭغۇ ئۇيماناغا پېتىپ
قالغان جىپ ماشىنىسىنىڭ، بۇزۇلغان كۆۋ-
رۈكنىڭ، قېيىپ قالغان تېلېفون تۈۋرۈ-
كىنىڭ خەۋىرى كېلەتتى... شۇنداق قىلىپ،
كەڭسا يىلىقلارمۇ دۇنيادا بولۇۋاتقان يې-
ڭىلىقلاردىن خەۋەر تېپىپ قالاتتى. شۇ
تاپ، ھەممە كۆز، ھەممە قۇلاق، ھەممە
يۈرەك تېلېفونغا، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم
جىرىڭلىشىغا باغلىنىپ قالغانىدى:

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ تېلېفون كەلگۈن
ئاپىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئا-
قىۋەتنىڭ ئەمكىگە، گۇۋاھچىسىغا ئاي-
لىنىپ قېلىۋاتاتتى. كەنت گويا ئۈستىگە
بېسىپ كەلگەن بەختسىزلىكنى مۇشۇ تېلېـ

فون چىلىلاپ كەلگەندەك، پۈتكۈل غەزەپ، قايغۇ، ئۈمىد، ئارزۇ، ئىسىلىشىپ قاسراق باغلاپ كەتكەن تۇرۇبكىغا تاشلانغانىدى. دېمىسىمۇ، تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بۇ كەنت ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر تېلېفوننىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. كىشىلەر قايتا - قايتا ئويلىشىپ كۆرۈپ، دەرياغا كۆۋرۈك مۇداپىئە توسمىسى ياساشتىن ئاۋۋال تېلېفون ئورنىتىشنى بىر مۆجىزە دەپ قارىغانىدى. يەنە كېلىپ، چەت، نامرات بىر كەنت بىلەن ناھىيە، ۋىلايەت، ھەتتا ئۆلكە مەركىزىنى باغلاپ تۇرغانمۇ مۇشۇ كونا تېلېفون ئىدى. مانا ئەمدى، تېلېفون «نامسىز قەھرىمانغا، قۇتقازغۇچى خۇداغا» ئايلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن كەلگۈن ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن بارلىق دىشۋارچىلىقلار تۈگەيدىغان بولدى.

« كەڭساي كەنتىنى قىيان باستى » دېگەن ئېچىنىشلىق خەۋەر، تېلېفون ئارقىلىق كەنتتىن يېزىغا، يېزىدىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن ۋىلايەتكە، ئۆلكىگە، مەركەز ھەتتا خەلقئارا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىغىچە بېرىپ يېتىدۇ. پۈتۈن ئىقلىم، يەر شارىدا، ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان مۇشۇ دالىدا «كەڭساي» دېگەن بىر كەنتنىڭ قەدىمدىنلا بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا، ئاسماندىن قار، يامغۇر ئەمەس، تىللا ياغىدۇ...

ھەممە كۆزلەر تېلېفونغا تاشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاسراقلار بارغانسېرى قېلىنلاپ، تۇرۇبكىنى ئۆلۈك يىلاننىڭ بېشىدەك كۆرسەتتى.

كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئەتراپنى قىيان چىنيا قاپلىدى. قارىغاندا كەلگۈن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. دەريا شاۋقۇنى كومۇنا چاغلىرىدىكى دولقۇن ساداسىدەك كەنت ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆيمۇئۆي ئۇسسۇپ كىرىپ، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ھەممىنى بىسەرەمجان قىلاتتى.

— ۋەي، ۋەي...

تېلېفونىست غەزەپ بىلەن سىگنال بېرەتتى. تۇرۇبكىنى تۇتقان قوللىرى ئۇيۇشۇپ، ھېچنېمىگە قام كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چۆرىۋەردى. ئۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ئېلېكترونلۇق يەلپۈگۈچتەك پىرقىراشقا باشلىدى.

— ۋەي ... ۋەي ... ئاناڭنى... يېزىلىق ھۆكۈمەتما، كەنتىمىزگە قىيان چۈشۈپ... ۋەي، ۋەي...

تېلېفون بەزگەك تۇتۇۋالغان ئادەمدەك جالاقشىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭدىن، ساراڭنىڭ ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان رىتىمسىز گۇڭۇلداشتىن بۆلەك ئاۋۇش چىقمايتتى.

— ئاناڭنى... ئۆلگۈرلەر!

تېلېفون... ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قاسراقلىرى تېكەنلىك كىرپىدەك دارىدىيىپ تۇراتتى... بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان مۇنداق بايقۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟!

تېلېفونىست جىددىيلەشتى، ئاخىرقى ئۆتۈنۈشنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، تۇرۇبكىغا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ۋەي... يېزىلىق ھۆكۈمەت، - غوڭۇلداش ئىمتاس توختاپ قالدى. ئەمدىلىكتە، دەريا شاۋقۇنى تېخىمۇ قاتتىق گۈلدۈرلەشكە، دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كۆپىيىشكە، ۋاڭ - چۇڭ كۈچىيىپ، قۇلاقنى يېغىر قىلىشقا باشلىدى.

— ۋەي... ۋەي... ئاناڭنى، تېلېفونىست

شاپىلاق بىلەن تېلېفون ئاپپاراتىنى قاتـ
تىق بىرنى ئۇردى. تۇرۇپكا قاڭقىپ بېـ
رىپ، تېلېفون ئورنىتىلغان شىرەنىڭ ئاسـ
تىغا ئېسىلىپ قالدى — تېلېفون ئۈزۈلدى.

ئۇ خۇددى سەكراتتىكى ئانىسى بىلەن
ۋىدالىشىۋاتقاندەك، ئېغىر ئۇھسىنىدى.
ئاندىن تاشتەك قېتىپ قالغان گەۋدىسىنى
رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى، قان تولغان
كۆزلىرىنى ئەتراپقا ئاغدۇرۇپ، زەردە
بىلەن ۋارقىرىدى:

— چىقىش! ئىشخانامدىن چىقىپ كېـ
تىش، ئۈستىمىزگە بېسىپ كەلگىنى بورـ
داق قوي ئەمەس، قىيان!... ھەممىڭ ئۆز
جېنىڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزۇش!...

تېلېفونىست ئەقلىدىن ئاداشقاندەك
ھۆڭگۈرەپ سېلىپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتـ
تى. سارىسىم، ئۈمىدسىزلىك، بىچارىلىق
ھەلقۇمى ئىچىگە كىرىپ قالغان بىر توپ
ئادەم ھېلىھەم تېلېفونغا تەلمۈرۈپ تۇرۇـ
شاتتى. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى — تېلېـ
فوننىڭ جىرىڭلىشى، خاسىيەتلىك ئاۋاـ
زىنى ئاڭلاش ئىدى، «سىلەرنىڭ هاياتـ
مامات كۆۋرۈكىدە تۇرغانلىقىڭلارنى ئاڭـ
لىدۇق» دېگەن بۈيۈك چاقىرىقنى ئۆز قۇـ
لىقى بىلەن ئاڭلاش ئىدى، لېكىن، بەزـ
دە، كىچىككىنە ئارزۇنىڭ رېئاللىققا ئايـ
لىنىشى ئۈچۈن بىر ئەسىرلىك ۋاقىتمۇ
ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار چۈشەنسە
ئىدى!

تېلېفون... ئۆمۈرۋايەت بويتاق
ئۆتكەن قېرى يەڭگىتىنىڭ كۆزلىرىدەك
تەمتاس تۇراتتى. تېلېفون، تېلېفون...
ھەي قېرى مەخلۇق، قېنى سېنىڭ جىرىڭـ
لاپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار سادايىڭ!

ئىلگىرى تېلېفون بەئەينى خىزىرـ
نىڭ يېقىملىق كۆزلىرىگە ئوخشايتتى...

تەبىئەتتىكى ھەرقانداق سىرنى ئالدىن بىلـ
گۈچى، ھۆكۈم قىلغۇچى دانىشمەن ئىدى.
كىشىلەر ياستۇقنى قىرلاپ «جەننەت بەزمىـ
سى» نى سوراۋاتقان چاغدا، تېلېفون توـ
ساتتىنلا جىرىڭلاپ كېتەتتى... تۇرۇپكىدىن
راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىدەك، يېقىملىق
جەڭ مارشىدەك جاراڭلىق بىر سادا كېلەتـ
تى... بۇ ناھىيە ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتـ
تىكى بىرەر سەزگۈر خادىمنىڭ جىددىي
ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى:

— بۈگۈن كېچە جۇدۇن بولىدۇ، مۆلـ
دۈرگە قارشى مۇداپىئەنى كۈچەيتىڭلار! ـ ماـ
نا شۇ سادا تەبىئەت ئۈستىدىن بېرىلگەن
ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى، كىشىلەر مۆرىنى ـ
مۆرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، ئوت-خەس،
ئاشلىق ـ تۈلۈكلەرنى ئامبارغا توشۇۋاتـ
تى، جىسمىدىن ماي تېمىپ تۇرىدىغان پاـ
دىلىرىنى يىغىپ، قوتانغا سولىۋالاتتى...
لويلا، قامقاق بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۆگـ
زىلەرگە توپا تۆكۈپ، يامغۇر ئۆتۈپ كېـ
تىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ھويلا-ئارامـ
لار مەھكەم چۈمكىلىپ، دەريا قاشلىرى،
توسمىلار، چوڭ ـ كىچىك يوللار بىر قېـ
تىم پۇختىلىناتتى. كىشىلەر، پارتلاش ئالـ
دىدا تۇرغان بومبىنى يۆتكىۋەتكەندەك
خاتىرجەم بولغاندىلا، ئاندىن قايتىشاتـ
تى...

شۇڭا، كەڭسايلىقلار تېلېفوننى ئۆز ۋۇـ
جۇدىنىڭ ئايرىلماس بىر ھۈججىرىسى، ھاـ
ياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىنۇتلىرىغا ۋەكىلـ
لىك قىلغۇچى دەپ بىلىپ، ئۇنى كۆز قارىـ
چۇقىدەك ئاسرايتتى.

ئەمما تەبىئەت ئىلاھى، ئىنسانلار ئاـ
رىسىغا قىلدەك بىر ئۇقۇشماسلىق سالغانـ
لىقى، كەڭسايىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقى بولـ
غان تېلېفونغا پەقەت بىرلا ئادەم ـ ھېكاـ

يىمىز نىڭ باش قەھرىمانى ھەسەنكامىلا
ئۈچلۈك قىلاتتى. بۇنىڭغا لەنتى تېلې-
فون بىلەن باشلانغان مۇنداق بىر ئىش
سەۋەب بولغان:

تۈن ئاسمىنى پۈتكۈل جىلغىنى غەرق
قىلىۋەتكەن، باش توخۇ چىللاپ توختاپ
قالغان يېرىم كېچىدە تېلېفون توساتتىنلا
جىرىڭلىدى. ھەسەنكام تېلېفوننى ئا-
ۋايلاپ تۇتۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي سىز كىم؟

— ھاھ ... ھاھ، بىلمەيۋاتامسەن غوجە-
كاڭ بولىمەن — ھەسەنكام ئاۋازنى دەرھال
تونىدى. ئۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرې-
تارى تاش غوجى ئىدى. بىرسى ئۇنىڭ
بېشىدىن چېلەكلەپ سوغۇق سۇ قۇيغاندەك
تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

— ۋەي، نېمە ئىش؟

— ۋۇي سەتەڭ قېرى، نېمە ئىش دەي-
سىنا تېخى! تۈل خوتۇننىڭ موزىيىدەك تە-
لىڭنى چاينىماي سۆزلىمەمسەن؟

— ئۆزلىرى چوڭ، ئاۋۋال ئۆزەتلىرىدىن...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى قوۋلاشمىدى، خۇددى
ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماققا سۇ پۈركۈگەن-
دەك ئەخمەقلىق بولدى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆ-
زىمۇ سېزىپ تۇراتتى. شۇ تاپ، پىيالى-
دەك چەكچەيگەن بىر جۈپ كۆز، بوۋاق-
نىڭكىدەك بوغما قىلىشىپ كەتكەن ئەتلىك
قول ئۇنىڭغا سىلجىغاندەك بولدى...

— بۇ يېرىم كېچىدە نېمىشكە ئاۋارە
بولدىلا؟

— ئاڭلاپ قوي، قېرى تۈلكە، — تاش
شۇجىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپراق چىقتى، —
تۈنۈگۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئىش قانداق
بولدى؟

ھەسەنكام «كېسەر پىچاق» دەپ نا-
مى چىققان بۇ شۇجىدىن بىر ئاز خەۋپ-
سىرىدى، مۇراست سۆزىنى قىلىشنى ئويلىدى.
ئەمما دەرھال بىر نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ
قالدى، — شۇجى بۇ...

— نېمە؟... يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قو-
ياي، تۈل خوتۇننىڭ موزىيىدەك مۆرە-
مەي، سوئالىمغا جاۋاب بەر، ھەر بىرسى
يىگىرمە كىلوگرام كېلىدىغان يىگىرمە تۇياق
قارا ئېرىك تەييار بولدىمۇ؟

— بۇ... بۇ بەك قىيىن ئىشكەن شۇجى...

— بۇ بۇيرۇق، يۇقىرىنىڭ پەرمانى.

— پەرمان!

ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. يولىسىز،
قارىغۇلارچە پەرمان چۈشۈرگەن قانداق يۇ-
قىرىدۇ؟ پۈتۈن ئۆمرىنى سېسىق قوتاندا
ئۆتكۈزگەن مالچىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە-
سىنى ئۇلار ئاڭلارمۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاۋۋال ھېلىقى
پارقىراق، چوڭ كۆزلەر ئۆتتى، ئارقىدىن
پۈتۈن ئۆمىدىنى، تۇرمۇشىنى چارۋىسىغا
باغلىغان نامرات چارۋىچىنىڭ دەرمانسىز
كۆزلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى... ئاھ...
مۆڭلىنىپ تۇرغان بىچارە كۆزلەر... ئاپ-
ئاپتا، جۈت شۇۋىرغاندا دالا تۈپرىقىدەك
چاك - چاك يېرىلغان يۈزلەر... دەرەخ
قوۋزىقىدەك قاداقلىشىپ چاك - چاك يې-
رىلىپ كەتكەن قوللار، سىلەرگە نېمە دەپ
جاۋاب بېرەي... لوق گۆشنى ھەممە ئا-
دەمنىڭ يېگۈسى، مۆل - مۆل قارىۋالغۇسى،
ئىزدىق چىشىدا راھەتلىنىپ چاينىۋالغۇسى
كېلىدۇ. يامان تەبىئەتلىك ئادەملەرمۇ
باركى، ئۇلارنىڭ چىشى ئالماستەك ئۆت-
كۈر، ئۇلار سېمىز ئېرىكلا ئەمەس، تاغ-ۇ
تاشلارنىمۇ كۇكۇم تالقان قىلىۋېتەلەيدۇ.

ھەسەنكام چىشىنى مەھكەم چىشلىدى:

— شۇجى، يىگىرمە كىلوگراملىق ئېرىك-
تىن يىگىرمىنى تېپىپ بېرەلەيمەن، لېكىن

ھەممىسىگە قارا ئېرىك بولسۇن دېگەن شەرتـ
نى ئورۇندىيالمىغۇدەكمەن.
ــ بولمايدۇ!ــ تاش شۇجىنىڭ ئاۋازى
گۈلدۈرماممەك كۈچلۈك ئىدى،ــ شۇ بوـ
يىچە ئىجرا قىلىنسۇن!
ــ كەچۈرسىلە، قەتئىي ئىجرا قىلالـ
مايمەن، كەنتىمىز نامرات، چارۋىچىلارـ
نىڭ يىلىكى قۇرۇق، خەقنى يىغلىتىدىغان
بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلالمايمەن.
ــ ھەي قېرى، تۇل خوتۇننىڭ موزىـ
يىدەك كۆشىگىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى.
بۇ دېگەن مەن چىقارغان سىـ
ياسەت ئەمەس، يۇقىرىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى.
ــ قىلمايمەن، مۇبادا جۇڭنىياڭ ھۆجـ
جەت چۈشۈرگەن بولسىمۇ قىلمايمەن.
ــ ھىم قېرى خوراز، بېشىڭدىكى قىزىل
تاجاڭغا ئاگاھ بول!
شۇكۈندىن ئېتىبارەن، ھەسەنكام «ھەـ
سەن جۇڭنىياڭ» دەپ ئاتالدى. كەنت سېكـ
رىتارلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، كۈرەش قىـ
لىندى... تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بىلەن
تەييارلاپ بېرىلگەن نۇرغۇن قوي، يەرلىك
مەھسۇلاتلار، سەل كېلىپ، ئېقىتىپ كەتكەن
توپ ـ توپ پادىلار... ئاخىرى بېرىپ،
ئۇنىڭ گەجگىسىگە مىندى ــ ئۇ نۇرغۇن پۇلغا
خىيانەت قىلغان قاتارغا چىقتى. ئۆي ـ
جاي، مال ـ بىساتى مۇسادىرە قىلىنىپ،
ئۆزى سويغان پىيازدەك قالدى. شۇ كۈنـ
لەردە تېلېفون ئۈزلۈكسىز جىرىڭلاپ تۇرـ
دى. ھەر بىرجىرىڭلاش، كەتكەن بىر «موـ
دا كىيىم»، «يېڭى قالپاق» لايىھىسىنى
ئېلىپ كېلەتتى. ھەسەنكام ئاشۇ قالپاقـ
لارنى تولۇق كىيدى... ئىسىقتا، سوغۇقتا
دال بولمايدىغان ئاشۇ غايىۋانە قالپاق
ئۇنىڭ شىلىلىسىگە ئۇزۇن يىل مىندي. ھەر
بىر جىرىڭلاش ئۇنىڭ سەھنىدىكى مەرتىـ
ۋىسىنى قەدەممۇ قەدەم «ئۆستۈردى».
ئۇ كالتەك، تاياق، مۇشتتىن، تېپىك زەرـ
بىسىدىن، سەمرىپ، قورساق سالدى...
ئۇ ئاشۇ جىرىڭلاشتىن قورقاتتى. بالىـ
لارنى يېتىملىكتە، خۇن ـ زەر ـ
داب ئىچىدە قويۇشتىن قورقاتتى، تېلېفون
ھەر بىر قېتىم جىرىڭلىغاندا ئۇنىڭ تىـ
نىقى توختاپ، كۆزىگە ئەزرائىل كۆرۈنگەنـ
دەك بولاتتى. ئۇ ئاخىرى ھەممىنى چۈشەنـ
دى، ھەممىنى ھېس قىلدى. جىرىڭلاشتىن
سارالڭ بولاي دېدى، ھەقىقەتەن سارالڭ بولـ
دى، ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ
دەريا بويىغا بېرىۋالىدىغان بولدى. تاشـ
لاردىن، جىلغىلاردىن «مۇنۇ دەريا نېمىشقا
چوڭقۇر، ماۋۇ ئاسمان نېمانداق ئېگىز...»
دېگەندەك ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سوئاللارنى
سورايتتى. يىغىمـ تېرىم مەزگىلىدە، ناـ
ھىيىدىن، ۋىلايەتتىن كېلىدىغان ئېكىسـ
كۇرسىيە ماشىنىلىرىنى كۆرۈپ «بۇ سېـ
رىق بۇقىلار قانچىلىك ئوت يەيدۇ؟» دەپ
كۈلۈپ كېتەتتى. ئاندىن، «ماۋۇ قارا ئېـ
رىك ئەجەب سېمىزكىنا؟» دېگىنىچە كېـ
تىپ قالاتتى. ھاقارەتلەنگەن باشلىقنىڭ
پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇ كۆرمەسـ
كە سالاتتى. شۇنداق بولغاچقا، باشلىقلار
ئۇ بارىيولدىن ماڭمايتتى، ئۇ ئىشلەۋاتقان
ئېتىزغا، ئۇ قاراۋاتقان قوي پادىسىغا،
ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېقىن يولىمايتتى.
ھەقىقەتەن ئۇ سېپى ئۆزىدىن «يۇقۇملۇق
كېسەل» گە ئايلىنىپ قالغانىدى.
ئۇ تېلېفونبار ئۆيگە يېقىن يولىمىدى،
تېلېفون ھەققىدە ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. تاغ
يولىنى بويلاپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلـ
غان تېلېفون سىمىغا قاراپ ئاچچىق كۈلدى.
بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىنكى تۇنجى

كۆلكىسى ئىدى.

× ×

ئۇ تېلېفۇن بار ئۆيگە ئۇسسۇپ كىردى،
ئۆزى ئۆچ كۆرۈدىغان تۇرۇپكىنى تىترەپ
تۇرغان ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، بىر-
دىن ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ، كۆز ئالدى
قاراڭغۇلاشتى. مۇشۇ شۇ، ئۇنى نابۇت قىلا-
غان تېلېفون دەل مۇشۇ!

ئۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. جىلغىدى-
كى قىيانداينىمۇ دەھشەتلىك بىر ئېقىن ئۇ-
نى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا... ئۇنىڭ ۋە ئۇ
بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ
ئۆي-ماكانىنى، ئالتۇنغا بەرگۈسىز مۇنە-
بەت زېمىننى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا. ئۆ-
لۈم غارى ئالدىدا پىشىراپ يۈرگەن ئا-
نىلار، بالىلار، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر-
مۇ بىر نامايان بولاتتى.

— ۋەي... ۋەي!

ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتە ئىدى.

— ۋەي، ۋەي... يېزىلىق ھۆكۈمەت...

ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى...
مۇبادا تېلېفوننى باشقا بىرسى ئالماي،
تاش شۇجى ئالسا، سۆزىنى باشلا - باش-
لىماستىنلا تۇرۇپكىنى «جالاققىدە» قويۇ-
ۋەتسە قانداق بولار؟ ھېلىمۇ ياخشى تې-
لېفون تاشتەك قېتىپ قالغانىدى.

نەقەدەر تىنچ - ھە! ئۇ ئېغىر خۇرسىنى-
دى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى نېپىز بىر قە-
ۋەت تۇمان قاپلىۋالدى... قىيا - چىيا ئى-
چىدىكى ھايات... دەھشەتلىك شاۋقۇن.

ئۇنىڭ كۆز ئالدى بارا - بارا خى-
رەلەشتى، بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار
كاللىسىنى قوچىماقتا، ئۇنى ئازابلىماقتا
ئىدى.

يامغۇر قۇيۇۋەتتى، تىنىق ئاسمان سۇ
دېڭىزىغا ئايلاندى. تۈرمەك - تۈرمەك قا-
را بۇلۇتلار بوراندەك بېسىپ كېلىپ، جىلغ-

غا ئۇستىدە توختاپ قالدى... بۇ يەردە
يامغۇر ياغسا، ئاۋۋال قۇشلار، قارلىغاچلار
يەر بېغىرلاپ ئۇچىدۇ، ئاندىن غۇر - غۇر
شامال چىقىدۇ. بىراق بۇنداق كۆكلۈمدا،
شامالمۇ، قۇشلارمۇ ھېچكىمگە خەۋەر بې-
رەلمىدى... ئارىلاپ - ئارىلاپ چېقىلغان
چاقماق سادالىرى ئۆيلەرنى تىترەتكەندە،
چاقماق نۇرى جىلغا ئىچىنى يورۇتقاندا
ئاندىن كىشىلەر ئۆيلىرىدىن باش چىقى-
رىشتى. مانا جىلغا لەرزىگە كەلدى. دەر-
يا تەرەپتىن دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش كۆ-
تۈرۈلدى. ئارقىدىن، يەر تەۋرىگەندەك،
جىلغىدا، قورام تاشلار، ئۆيلەر، دەل-دە-
رەخلەر بىر - بىرىگە قاتتىق سوقۇلغان-
دەك بولدى... ئېگىز قاسىڭ چاك - چاك
بولۇپ يېرىلىپ غۇلاپ چۈشكەندەك، چوڭ-
قۇر جىلغا تىترەپ كەتتى.

ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي
قالدى. قاساڭ گۈمۈرۈلۈپ،
قاپقارا لاتقىلار ئېتىلىپ چۈشەتتى.
تۈشمۇ - تۈشتىن يىغىلغان يامغۇر سۈيى
شىددەتلىك ئېقىن ھاسىل قىلغانىدى.

ئاھ... تۈگىدى... ھەممىسى تۈگىدى دەپ
ئويلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يۇقىرىقا-
ساڭدىن سەل، تۆۋەندىن دەريا قىستاپ
كېلىۋاتاتتى. بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇر-
غان بۇ مىنۇتتا، ئۆيلەر، يەرلەر سۇغا
غەرق بولۇۋاتسا ئۇ نېمىگە قاراپ تۇ-
رالىسۇن! ئۇ قاساڭغا قارىدى. زامان -
زامانلاردىن بېرى كۆتەكتەك بېكىپ قال-
غان قورام تاشلار، جىلغىدىكى ئۆيلەرگە
قاراپ توپتەك دومىلاپ چۈشەتتى، شې-
غىل تاشلار قات - قېتىدىن ئاجراپ ئۆر-
كەش ياسايتتى.

ھەممە يەرنى يىغا - زارە، جان قە-
ھەتچىلىكى قاپلىدى. باغلار، ھويلىئا-
رام، يول ۋە ئېدىرلار قىيانغا قوشۇلۇپ،
دەريا تەرەپكە ئاغماقتا،

ئۆيلەر ئارقا - ئارقىدىن كۆمتۈرۈلدى، مال - بىساتلار، چارۋىلار سۇدا لەيلەپ ئېقىپ كەتتى. كىمدۇر بىراۋ موزايلىنى قۇتقۇزىمەن دەپ سۇغا غەرق بولدى. ھەممە يەردە چۇكۇپ ئېقىش، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىش، باش - كۆزلىرىنى قاماللاپ قاخشاش داۋام قىلماقتا.

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى. بېلىنى قىل ئارغامچا بىلەن باغلاپ قازناق ئۆينىڭ تۇڭلۇكىدىن چۈشتى. مۇزدەك سەل سۈيى ئۇنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئۆتۈپ، تېنىنى جۇغۇلدىتاتتى، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە سۇغا غەرق بولغانىدى. تامىلىرى، لىملىرى غىرىسلاپ تۇرغان خەتەرلىك بۇ ئۆي، ئۇنى ھازىرلا تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ ھېچنەرسىنى ئويلىمىدى، ھېچنېمىنى خىيال قىلمىدى. قورقماي سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىردى. ئىسسىق ئۆي - ماكان، مېھرىبان ئەل - يۇرت خاراب بولۇۋاتسا نېمىدىن قورققۇلۇق؟ تۇڭلۇك بېشىدا چاچلىرى پاخپايغان تول ئايال، ئۇنىڭ بوينىنى، بېلىنى، پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرغان سەبىي بالىلار قورقۇپ تىترەپ كەتكەن بىر توپ گەۋدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئەمدى كىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن، قىيىنچىلىق ئويىنىغان، يالىڭاچ يۈگۈرۈشكەن دالىدىن مەڭگۈ ئايرىلاتتى. تۇمان ئارىسىدىكى ئايدەك مۇڭلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمانلارنى، يىلان باغرى يوللارنى، يېشىل مەخمەل تۇپراقنى مەڭگۈ كۆرەلمەيتتى.

ئۇ، خېمىرغا ئايلىناي دەپ قالغان بىر خالتا ئۇننى سۇزۇپ چىققاندا بالىلارنىڭ يىغىسى پەلەككە يەتكەنىدى. ئۇ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ھاپاش قىلىپ جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا - كەنت تەشكىلگە قاراپ چاپتى.



تېلېفون بالىلارنى قۇتقۇزالمىدى، ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ تېلېفون ئۆيىدىن چىقتى. دەريانىڭ كەڭ يېيىلىپ ئاققان تېيىز يېرىدىن ئات بىلەن كېچىپ ئۆتتى. يولنىڭ تېيىلغاق، مۇشكۇللۇكىدىن ئاستىدىكى جەدە قۇلاق توختىماي پۇشقۇراتتى. قاساڭنى بويلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كىيىملىرى چاپلىشىپ، بەدىنى لازا قويغاندەك ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، چىدىدى. مۇبادا ئات ھېرىپ قالمىسىلا، يەنە بىر يېرىم سائەتتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارالايتتى. ئۇ كېچىنىڭ زۇلمەت شەمشەرىگە پىسەنت قىلماي، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇردى. شۇتاپ ئۇ، پەقەت ئۇقتەك تېز چېپىشنىلا ئويلايتتى. ئۆز يۇرتى، كەنتى، قەۋمى - قېرىنداشلىرىنىڭ يىغا - زارى ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى. قاراڭغۇ يارلىققا، كېرەكسىز ئۆي - دوڭغۇللۇققا، چۆللۈككە ئايلىنىۋاتقان مۇنبەت يەر ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى، قىيان ئاستىدا قالغان زېمىن ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتاتتى.

ئات توختىماي پۇشقۇراتتى. پۇشقۇرغانسېرى، قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ! ئۇمۇ جانىۋار... خۇددى ئىنسانغا ئوخشاشلا... ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى گۈرۈلدەپ تۇرغان ماتۇر ئەمەستە! بەلگىچە چىلىشىپ تۇرىدىغان كۆچلۈك كەلكۈننى يېرىپ ئۆتۈش، كىشىنىڭ يۈرىكى سېقىلىدىغان قاينامدىن، تېيىلغاق سۇ تاشلىرىدىن كېچىش... چېكى يوق دەشتى باياۋاندا، مۇدھىش كېچىدە، خەتەرلىك ھاڭلاردىن ئايلىنىپ يۈگۈرۈش، تېلىك

قىيالارغا يامىشىش ئاسان ئەمەس!

ئۇ سالغا ئالدىدا ھۈركۈپ يۈرگەن توسان يىلقىدەك قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا تاش شۇجىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلدى. تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى سوزۇپ، ئىشىكنى يېنىك چەكتى.

— كىم!

ئۆيدىن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىشىك – دېرىزىلەر، ھويلا مەھكەم تاقىۋېتىلگەن بولغاچقا، ھەسەنكام يامغۇرغا قارىماي كۈتۈپ تۇردى، ئۇ بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، چۈنكى بۇ تاغلىق يېزىدا يېقىندىن – يېڭى قائىدە- يوسۇنلار قاتارىدا قەدىمكى ئىشلارمۇ ساقلىنىپ قالغان، بىراۋ ئۆيگە مېھمان چاقىرسا، ئىسسىملىك ئاۋۋال مەھەللىگە، كەنتكە، پۈتكۈل يېزىغا پۇر كېتىدۇ. سورۇننىڭ سائەت قانچىغىچە داۋام قىلىدىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدۇ. كىم قانداق ھەزىل قىلىپ، كىمنى «سوققان» لىقى لەتىپىگە ئايلىنىدۇ. ئاندىن، كوچىدىن بەخىرامان كېتىۋاتقان ھەر قانداق ئادەم ساھىپخانىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا، تۆرگە ئۆتۈپ، بىمالال يەپ – ئىچىپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆي ئىگىسى «تاقىۋېلىش» سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە، بۇنى تەگەپ ئولتۇرىدىغان نەدىكى پۇرسەت.

ئىشىك جالاقىدە ئېچىلدى. تاش شۇجى ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، «كارت» تىدە بىرنى كېكىرىدى – دە، ئۇنىڭغا قارىدى:

— كىم؟

— مەن... ھەسەن جۇڭيالىڭ.

— ھە، نېمىش، ھۆكەرمۇللاق ئەتكەندە، ئۆزى كۆزۈڭگە كۆپچىمەي، تۇلخوتۇنىنىڭ موزىيىدەك تىمىسقىلاپ يۈرىسەن؟

— دەرياغا كەلگۈن، جىلغىغا قىيان كەلدى!

— ۋاھ، شۇ ئىشمىدى، – تاش شۇجى چىشىنى كولاپ، بىر نەچچىنى تۈكۈردى – دە، خۇشياقمىغان ھالدا دېدى، – كەلگۈن كەلسە نىم بوپتۇ، كەلسە كېلىۋەرسۇن!

ھەسەنكام قوقاس ئۈستىدە تۇرغاندەك جىددىيلىشىپ قالدى، يېزا خوجايىنىنىڭ ئېرەڭسىزلىكى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— مۇشۇ كەلگۈن دېگەن نېمىزە، تۇلخوتۇنىنىڭ موزىيىدەك پەقەت ئارام بەرمەيدۇ. كەل ھەسەنباي دېمىگىنى ئال، شۇ تاپ جوڭيانىڭ ھۆججىتى بولغان بىلەنمۇ كەلگۈننى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

— سەن؟!

ئۇ، يېزىنىڭ ئالىي قوماندانىنى قاراپ تۇرۇپ «سەن» لىدى. مودا قالپاق ئاستىدا، كالتەك – مۇشت بىلەن قورساق سالغاندىمۇ بۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلمىغانىدى... ۋەھالەنكى... قەھرى تۇتقاندا تىلى كالۋالىشىپ، سۆزلىيەلمىدى:

— ۋاھ... سەن... يەنە كۆشكىلى تۇردۇڭمۇ... بىلىپ... قوي... دەرياغا قىيان كەلسە، تېلېفون بەرسەڭلا بولمىدىمۇ؟ تائىلا بۈگۈن كۆرىمىز، ئورۇق قويلار سۇغا غەرق بولسا، سېپى ئالتۇن، كىچىككىنە چوكى، كونىسىغا يېڭىسى ئالماشسا بولمىدىمۇ؟ ھىم... ئۆتكەن يىلى ئالتە بال يەر تەۋرەپ، تاغدىن چاك چىقىۋىدى، نۇرغۇن ئادەم يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدى. ئالدىنقى يىلى مۆلدۈر ياغقاندا ھۆكۈمەت بىزنى پىچىنە-پىرەنىك بىلەن باقتىمۇ؟... كەلسە كېلىۋەرسۇن، ھەي ھەسەنباي...

سەنزە... تۇل خوتۇننىڭ موزىيىدەك چىپ-
پىشىنلا بىلىسەن...

ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. شۇ-
تاپ قولىدىن كەلسە، بۇ يەرلىك خاقاننى
كەلكۈنگە باسقۇسى، گىندىيىپ تۇرغان بۇ
شۈرلۈك قورونى، بەزمە بىلەن سۇئايلىن-
نىپ ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئادەمنى توپ-
توز قىلىشۋەتكۈسى كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ-
دا نېمە چارە؟ نامرات چارۋىچىلاردا نېمە
چارە؟ كەلكۈندە ئاقسا، ئاچ - يالىڭاچ-
لىقتا داق يەردە قالسا بۇنىڭ ئۇۋالى
كىمگە؟

ھەسەنكام بارلىق ئەلىمىنى ئىچىدىن
ئالغاندەك، ئارقا - ئارقىدىن قامچا ئۇ-
رۇپ، سۇت ئۇيقۇسىغا پاتقان بۇ غەمسىز
دۇنيادىن يىراقلىدى.

× ×

«دەرياغا كەلكۈن كەلدى!»

تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. بۇ
ئاۋاز پۈتكۈل جىلغىنى تىترىتىۋەتتى. بۇ
ئاۋاز كىشىلەرنىڭ ئاھۇ زارىنى، يى-
غىسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. كەلكۈن يۇ-
تۇپ كەتكەن نەچچە ئون جاننىڭ
جۇدالىشىش خىتابى ئىدى. قۇم - لاتقىلار
ئاستىدا، تۈپتۈز قاقاسلىقتا ئايلان-
غان ئانا ماكاننىڭ ھەسرەتلىك نىداسى
ئىدى.

دەرياغا كەلكۈن كەلدى. كونا تېلېفون
ئاخىرى جىرىڭلىدى... ئۇنىڭ ھەر بىر تا-
ۋۇشى، يېزىدىن ناھىيىگە، ۋىلايەتكە،
ھەتتا ئۆلكىگە يېتىپ باردى.

تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، قۇتقۇزۇش
ماشىنىلىرى يۇلتۇزدەك ئاقتى. كەڭ ساي
دۇنيانىڭ كۆزىگە ئايلاندى، گېزىت-ژۇر-
نااللارنىڭ باش بېتى «دەرياغا كەلكۈن
كەلدى!» دېگەن چوڭ سەرلەۋھە بىلەن
تولدى. كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان
ئاپەتتىن قۇتقازغۇچىلار، ئومۇمىي زىيان-
نى ئىنىقلاپ چۆچۈپ كەتتى. «نەچچە ئون
مىليون يۇەن زىيان بولدى. بۇ پۇلغا ئى-
ناۋەتلىك ھاراق - تاماكا شىركىتىدىن
بىرنى، «ساما يولى» ماركىلىق ئېسىل پى-
كاپتىن ئون نەچچىنى، قوش قەۋەتلىك
تانسا مەركىزىدىن ئىككى - ئۈچنى... ياش-
لاردىن تەشكىل تاپقان سەنئەت ئۆمىكى-
دىن بىرنى قۇرغىلى بولاتتى. بۇ پۇلغا
يەنە، يېزا مالىيىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان
قەدىمكى قىزىل رەقەملەرنى يوقىتىپ، كا-
دىرلارنىڭ ماشىنى ئۆستۈرگىلى، چوڭ
كۆلەمدىكى بورداقچىلىق پىرمىسى قۇرغى-
لى بولاتتى. لېكىن ھەممىسى سۇدا ئېقىپ
تۈگىدى!»

ئۇلار يۇقىرىغا مانا شۇنداق دوكلات
يوللىدى. قەدىمدىن چىراغ يورۇقى كۆ-
رۈپ باقمىغان چەت بىر قىشلاق ئادەملى-
رىگە ئايلاندى. قەدىمدىن ئىنسان كۆ-
زى چۈشمىگەن تىكەنلىك قىيالار رەسىم
ئاپپاراتىنىڭ كۆزىگە چېپ كەلدى. نەق
مەيداندا ئېكرانغا چۈشكەن مەنزىرە كى-
شىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئېچىنىشلىق
بولدى. ئۇستىخىنى سىزىپ، قورايغا ئوخ-
شاپ قالغان، ئاق چاچلىق بىر ئانا ئاپ-
پاراتنىڭ ئالدىدا تىزلاندى:

— غوجام ماڭا رەھىم قىلسىلا، بارى -
يوق يەتمىش تۇياق ئۆچكە بېقىۋىدىم،
ھەممىسىنى سەل ھەيدەپ كەتتى، بىز ئال-
تە جان ئادەم داق يەردە قالدۇق.

ئەتراپنى يىغا - زارە قاپلىدى، ھەم-
مىدىن ئۇنلۈك، ھەممىدىن ئېچىنىشلىق
يىغلىغىنى — تاش شۇجى بولدى. ئۇنىڭ
مۇڭلۇق يىغىسى تاش - قىيالارنىمۇ ئېرى-
تىپ تاشلايتتى. قەلبىدە ئالەمچە قايغۇ

كۆۋەجەيتتى.

ئۇ دەريا تەرەپكە قارىدى. شۇجىغا
ئەگىشىپ ھەممەيلەن دەرياغا تەلمۈردى.
ئۇلار ئۈچۈن جىددىي كېرەكلىك بولغان
ھەممە نەرسىنى رەھىمسىز دەريا ھەيدەپ
كەتكەنىدى. بولۇپمۇ تاش شۇجى ئۈچۈن
شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ تېمەن ئانىسى قى-
يان ئىچىدە ئېقىۋاتقان مۇزايلىق كالى-
سىنى تۇتىمەن دەپ دەريا تەرەپكە كەت-
كەن. تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى.

ئۇلار ئەمدى ھەسرەت يۇتۇپ ياش-
يالمايتتى. ياشىشى، ئادەمدەك تۇرمۇش
كەچۈرۈشى لازىم ئىدى. نە ئۆي، نە دەل-
دەرەخ، يوللاردىن ئىزنا قالمىغان مۇشۇ
تاقىر سايلىقنى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ
ئېچىشى، يەنە ئاشلىقتىن، چارۋىدىن مول
ھوسۇل ئېلىشى شەرت ئىدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق شەرت ئاستىدا،
تاش شۇجىنىڭ قولىدا تۇرغان تېلېفونغا
قاراشتى. كونا تېلېفون كىرپىدەك تۈگۈلۈ-
ۋالغانىدى، تاش شۇجىنىڭ بارماقلىرىدىن
چۆچۈگەندەك، ئاستاغوڭۇلداشقا باشلىدى.

— ۋەي...ۋەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت...
دەرياغا كەلكۈن كېلىپ...

دەل شۇچاغدا تېلېفوندىن ئەكس سادا
كەلدى!

— تېلېفوننى كۆپچىلىككە قارىتىڭ!

يىراقتىن كەلگەن تىترەك ئاۋازدىن، تې-
لېفونغا جان كىردى، ئاۋاز شۇ قەدەر سۆ-
زۈك ۋە رىتىملىق ئىدى:

— يولداشلار، سىلەر جاپا چەكتىڭلار،
مەن پۈتكۈل رايونىمىزدىكى يۈزمىڭلىغان
خەلق نامىدىن سىلەرگە سالام يوللايمەن.
شۇنىمۇ جاكارلايمەنكى، بىز بۇ قېتىم
سىلەرگە بېرىدىغان ياردەمنى يېزا مەس-
ئۇللىرىنىڭ قولىغا ئەمەس، سى-
لەرنىڭ — دەل ئاپەتكە ئۇچرىغان سىلەر-
نىڭ قولۇڭلارغا بېرىمىز!

ئاۋۋال يىغا - زارە، ئارقىدىن چاۋاك
باشلاندى، كىشىلەر سەلكىن شامالدەك يو-
پۇرۇلۇپ كېلىپ، كونا تېلېفوننى ئازىغا
ئېلىشتى.

تېلېفون گېپىگانت ئادەمدەك ئۇلار-
نىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ-
نىڭ گوڭۇلداشلىرىدىن ھېلىھەم « دەر-
ياغا كەلكۈن كەلدى!» دېگەن سادا ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى ... بۇ سادا دەريا شاۋقۇنى-
غا، تاغ شامىلىغا قوشۇلۇپ يىراق - يى-
راقلارغا سىڭىپ كەتمەكتە، قەدىمكى جىل-
غىدا ئەكس سادا بىلەن جاراڭلىماقتا ...

---

(بېشى 76 - بەتتە)

يەتكەنلىكىنى ئويلاپ مۇيەسسەر قىن- قې-
نىغا سىغماي قالغانىدى. تىللاخانىڭ خۇ-
شاللىقىمۇ قىزىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى .
«مۇيەسسەرنىڭ ئىككى ئاچىسىنىڭمۇ بىر-
دىن ئالتۇن بىلەزۈكنى ساقلاپ بېرىۋاتات-
تىم ، ھازىرغىچە ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويۇش-
مىدى. ئەمدى مۇيەسسەرنىڭمۇ...» شۇ خى-
يال بىلەن تىللاخان قىزىنىڭ قولىدىكى
يالتىراپ تۇرغان بىلەزۈككە ھەۋەسلەن-
گەندەك پات - پات قاراپ قويياتتى.

ئۇ باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ،
ئۆزىگە يۈز - ئابروي ئاتا قىلغان بىلە -
زۈكتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتىيۇ، ئۇنىڭ ئۆزى
ئۇزۇندىن بېرى ساندۇقىدا ساقلاۋاتقان
ئەجدىھا سۈرەتلىك بىلەزۈكنىڭ دەل
ئۆزى ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ
قويمايتتى.

# ئالتۇن بىلەزۈك

(ھېكايە)

زۇلپىيە ھاجى

ئۇلارنىڭ يۇرۇۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى، مۇيەسسەرمۇ ئۇنىڭسىز ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمايتتى. دىلمۇراتمۇ تۇرمۇشىدا ئاشۇ دىلبىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار توي قىلىش قارارىغا كەلدى. بىراق، مۇيەسسەرنىڭ ئانىسى تىللاخان «تويلۇق تېخى چالا» دەپ بۇ ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ كېلىۋاتاتتى.

مۇيەسسەر دىلمۇراتنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلگەچكە، ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە تويلۇققا كېيىن قوشقان بىر دانە ئالتۇن بىلەزۈكنى ئۇنىڭ بىر ھەپتىلىك مۆھلەت ئىچىدە تەييارلاپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— مۇيەسسەر، — دېدى دىلمۇرات ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — باشقىلاردىن قەرز ئالسام سەت بولغۇدەك، شۇڭا ئانام بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۆيىمىزنىڭ بىر ئېغىزىنى ساتسام...

— ئۇنداق دېمەڭ دىلمۇرات، ئۆي ھەر ئىككىمىزگە كېرەك، ئۇنى سېتىپمۇيۇرمەڭ، باشقىچىرەك بىر ئامالىنى قىلارمىز.

مۇيەسسەر ئانىسىنى ئىستىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن خېلىلا كۈچىدى. ئانىسىغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپمۇ كۆردى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ئانىسىنىڭ قەلبىدىكى مۇز ئېرىمىدى.

— گېپىم گەپ! — دېدى تىللاخان قوشلاپ ئالتۇن بىلەزۈك سېلىنغان قوللىرىنى شىلتىغىنىچە، — ئەگەر ئۇ ھېلىقى ئالتۇن بىلەزۈكنى دېگەن ۋاقتىدا تولۇقلاپ ئېلىپ كەلمەيدىكەن، چۆچۈرىنى خام سانىمىسۇن، ئۇنىڭغا بېرىدىغان قىزىم يوق.

مۇيەسسەر ئانىسىنىڭ قولىدىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان ئۈزۈك ۋە بىلەزۈككە تىكىلگىنىچە بىر ئىشنى يادىغا كەلتۈردى: بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئۇ ساندۇقلارنى رەتلەۋاتقان ئانىسىغا ياردەملىشىۋاتقاندا، تىللاخاننىڭ قولىدا بىر تۈگۈچنى كۆرگەن، ئۇنىڭغا بىرجۈپ ئالتۇن بىلەزۈك ئورالغان بولۇپ، تىللاخان قىزىغا ئۇنى مۇنداقلا كۆرسىتىپ قويغانىدى.

مۇيەسسەرنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر قەلبىدە شادلىق يامرىدى. ئۇ تۈن كېچىدە يىراقتىن سۇس يېنىپ تۇرغان ماياكنى كۆرگەندەك ئۈمىدلەندى. ئۇ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

× ×

تويلۇقنىڭ «چالىسى» پۈتكەندىن كېيىن تىللاخان توي ئىشىنى يەنە ئارقىسىغا سۆرەشكە ئامالسىز قالدى — دە، تويىنى باشلىۋەتتى. چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىگە يارىشا كېلىۋاتقان ماللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. داستىخانمۇ كاتتا سېلىندى. تىللاخاننىڭ يېقىنلىرى تويىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئېغىز- ئېغىزغا تەگمەي ماختىشاتتى.

كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋالدىن مۇرادىغا

(ئاخىرى 75 - بەتتە)

# هايات

(نەسىر)

دىلنۇر ئابلىز

## مۇقەددىمە

قۇياش كۆتۈرۈلدى ، زېمىنغا نۇرلۇق كۆزلىرىنى تىكتى. زېمىن ئاپئاق چۆلىستان ئىدى . قۇياش بۈگۈن يەنە ئەپسۇسلۇق بىلەن بېشىنى چايقاپ ئاستا - ئاستا خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئاي چىقتى ، زېمىنغا ئىنتىزارلىق بىلەن قارىدى . بىراق زېمىن ئاپئاق چۆلىستان ئىدى . ئۇنى قارشى ئالىدىغان بىرمۇ ھاياتلىق يوق ئىدى . ئاي يەنە مەيۇس ھالدا بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ كەتتى، شوخ يۇلتۇزلارمۇ بۇ چۆلىستانلىق ۋە ئىمتاسىلىقتىن زېرىكىپ بىر - بىرلەپ ئۆز ماكانلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

قۇياش كۆتۈرۈلدى...

ئاي، يۇلتۇزلار چىقتى... زېمىن يەنىلا چۆلىستان ئىدى . ئاللانىڭمۇ بۇ ھالەتكە قاراپ ئىچى سىيرىلدى ۋە بېشى قاتتى.

## تۇپراق ھامىلدار بولدى

ئاللا شۇ چاغدىلا زېمىندا قۇدرىتىنىڭ ، ئۇلۇغ بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يەتتى. زېمىندا ھەممىلا نەرسە - ئايمۇ، قۇياشمۇ ، تۇپراقمۇ... بويتاق ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-دە، تۇپراققا قاراپ بىر نەرە تارتتى، ئاللانىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىغان نۇر تۇپراق قوينىغا سىڭىپ كەتتى... ھېچقانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي تۇپراق ھامىلدار بولدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا بىر جان تىپىچەكلەشكە باشلىدى. زېمىنمۇ بۇ جانلىق بىلەن تەڭ ئاستا - ئاستا قىمىرلاشقا باشلىدى...

## ئانىنىڭ شادلىقى

تۇپراق ئانا نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرىقى بۇ زېرىكىشلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىمىسى، خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن پەيدا بولغان قورسىقىدىكى بۇ ھامىلىدىن چەكسىز سۆيۈندى . كېچىلىرى ئۇخلىماي ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ ، شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى . ئۇنىڭ ياشلىرىدىن زېمىندا تۇغراق، يۇلغۇن ۋە چۆل ئۆسۈملۈكلىرى پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ بەستىگە رەڭگارەڭ تون ياپتى، زېمىن ئانا خۇددى يېڭى كېلىندەك ياساندى، غۇنچە ئېچىلغاندەك ئېچىلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ گويا ئاللانىڭ نەزەرى چۈشكەن بىر گۈل ئىدى.

## بوۋاق تۇغۇلدى

سەھەر، قۇياش كۆكتە كۈلۈپ جەۋلان قىلغان شۇ مىنۇتتا تۇپراق ئانا بىر سىلىكىنىش بىلەنلا بىر ئادەمزاتنى تەۋەللۇت قىلدى. قۇياش ھېچقاچان چاچمىغان زەر نۇرىنى تۇپراق ئانىغا رەھمەت ۋە سۆيۈنچە سۈپىتىدە چاچتى. تۇپراق ئانا ئالتۇن نۇر جۇلاسىغا پۈركەندى.

قۇياش بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدىن ئالەمچە مېھرىنى — ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر مېھرنى كۆرگەنىدى. بوۋاق قۇياشقا شۇنچە سەبىي، شۇنچە ئوماقلىق بىلەن قارىغىنىچە ئانا باغرىدا ئەركىلەپ ياتاتتى... قۇياش شۇنچىلىك شادلانغان ۋە ۋۇجۇدى شۇنچىلىك لەرزىگە كەلگەن ئىدىكى: ئۇ چەكسىز شادلىق ھېسسىدا گويا مەست بولۇپ، ھەتتا بۈگۈنلۈك ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ئۇ روجەكتىن ئاينىڭ ئالدىراش چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردىدە، ئامالسىز ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن ئاستا- ئاستا بوۋاققا قىيالمىغان ھالدا خانىمىغا يول ئالدى.

ئاي ھېچقاچان تولمىغانىدى، مانا بۈگۈن تولدى، بوۋاققا قاراپ تولۇن ھۆسنىدە نۇر جۇلالىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئېھ، زېمىننىڭ خوجىسى، ھاياتلىق گۈلشەنىنىڭ باغۋىنى، — دېدى ئاي بوۋاققا قاراپ زوق ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن،- مەن ساڭا نۇرۇمنى ھەدىيە قىلاي. ئاينىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر نۇر ئۇچۇپ بېرىپ بوۋاقنىڭ پېشانىسىغا قوندى، بوۋاقنىڭ پېشانىسى خۇددى تۇندە ياققان چىراغدەك پارلىدى.

يۇلتۇزلارمۇ كۆزلىرىنى قىسىشىپ، بوۋاقنى بىرھازا شوخلۇق بىلەن ئەركىلىتىشىپ ئوينىدى.

بۈگۈن زېمىننىڭ كەيپى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى دەل- دەرەخ ۋە گىياھلار بۆلەكچە چىرايلىقلىشىپ چايقالماقتا ئىدى، باغرىدىكى سۇ كۆۋەجەپ، توختىماي كۆككە دولقۇن ئاتاتتى...

## بوۋاق كۈلدى

بۇ مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىقتىن ۋۇجۇدىدا تاتلىق سېزىمنى سەزگەن بوۋاق ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىدىن زېمىن باغرىدا رەڭگا رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى...

## ئىمىلەكلەش

بىر مەزگىلدىن كېيىن بوۋاق ئىمىلەكلەشكە باشلىدى، ئانا قوينى ئۇنىڭغا كەڭ، ھەم يۇمشاق پايانداز ئىدى، ئۇ ئانىسىنى سۆيۈپ تىنمايتتى، قۇچاقلاپ قانمايتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئانىسىغا چاپلىشىپ ئىمىلەكلەيتتى. ئېھ، ئانىنىڭ مۆھەببىتى نېمە دېگەن تاتلىق: ئۇ شۇنچە خۇشال، شۇنچە ئەركە، گويا پۈتۈن زېمىن ئۇنىڭكىدەك، ئۇ پۈتۈن زېمىننىڭ خوجىسىدەك شۇنچە مەغرۇر ئىدى.

## بوۋاقنىڭ تىلى چىققتى

ئۇ ئانا باغرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇ-
رۇپ، غۇنچە ئېغىزىنى ئوماققىنا ئېچىپ:
— ئانا ... ئانا... — دېدى. بۇ شۇن-
چىلىك يېقىملىق ئاۋاز ئىدىكى، ئۇنى قۇ-
چىقىدا يېنىك ئەللەيلەۋاتقان ئانىنىڭ
يۈرىكى ئىللىق ھارارەتتىن گويا سۇ بو-
لۇپ ئاقتى. بوۋاقنى جاھان سىغدۇرال-
مىغۇدەك مېھرى - مۇھەببەت بىلەن قۇ-
چاقلاپ سۆيدى. بۇ يۈكسەك سۆيگۈدىن بىر
روھ يارالدى. ئۇ روھ — مۇھەببەت ئىلاھى
ئىدى. قايىقتىندۇر خاھۇخىل قۇشلار ئۇچۇپ
كېلىپ، بوۋاقنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى دو-
راپ، ئوخشىمىغان ئاھاڭدا ۋىچىرلىشىپ
سايرىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ تىلى چىققۇ-
دى، قۇشلار ئۇنىڭدىن تىل ئۆگەندى. ئۇ
تىلنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولدى. شۇندىن
كېيىن دۇنيا گەپ قىلىشنى ئۆگەندى. چۈن-
كى، بوۋاق گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ھەم-
مىلا نەرسە تىلسىز ئىدى. دۇنيا تىپ-
تىنچ سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. شۇنىڭدىن
تارتىپ ھاياتتىكى جۇشقۇن شاۋقۇن سادا-
لار بارلىققا كەلدى. ئاللامۇ ئۆزىنىڭ بۇ
كارامىتىدىن چەكسىز سۆيۈندى...

## تەمتۇم قەدەملەر

ئۇ تەمتۇم مېڭىشقا باشلىدى، بەزىدە
يىقىلاتتى، يىقىلغىنىدا ئانا باغرىنى مەھ-
كەم قۇچاقلايتتى، يەنە ئورنىدىن تۇرات-
تى، ماڭاتتى، ئۇنىڭ قەدىمى بارغانچە
راۋانلاشتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ تاغلار تىت-
رىدى، ئۇستىدىكى قار - مۇزلار بۇ تىت-
رەشتىن سىلكىنىپ ئاستا - ئاستا ئېرىدى.
ئۇستىگە گىياھلار ئۈندى... تاغلار بوۋاق-
نىڭ قەدىرىگە زوقلىنىشتى ۋە ئۇنىڭ جا-
سارىتىگە قايىل بولۇشۇپ قەدىرىنى قاي-
تىدىن كۆتۈرۈشتى. تاغ باغرىدىكى كېپىنەك،
كۆكمەك، قوزا، تايچاق... لار ئۇنىڭ قە-
دىمىگە چىرايلىق كۆزلىرىنى تىكىشىپ قا-
راشتى ۋە ئۇنىڭ مېڭىشىنى ئۆزىگە ئۆر-
نەك قىلىشتى.

ئۇ بىر دەم سەكرەيتتى، بىر دەم يۈگۈ-
رەيتتى، تاغلارغا ياماشاتتى... ئۇنىڭ بۇ
ھەرىكەتلىرىدىن قۇشلار پەرۋاز قىلىشنى
ئۆگەندى...

## بالىلىق

ئۇ ھەققەتەنمۇ زېمىننىڭ ئەركىسى ۋە
خوجايىنى ئىدى. ئەركىن ئوينايتتى، كۈن-
دۈزلىرى قۇياش، ئۇچار قۇشلار، قوزا،
تايچاق، كېپىنەك، بوتىلاقلار بىلەن سەك-
رىشىپ ئوينىسا، كېچىلىرى ئاي ۋە يۇل-
تۇزلار بىلەن بىر ھازا چاقچاق قىلىشاتتى.

تۇپراق ئانا تولىمۇ خۇشال ئىدى. چۈن-
كى، ئوماق پەرزەنتى ئۇنى بارغانچە يا-
شارتماقتا ۋە گۈللەتمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ
مېھنىتى بىلەن تۇپراق ئانا ھۆسنىگە تول-
ماقتا، خەزىنىسى بېيىماقتا ئىدى...

## ياشلىق

بالا بارغانچە يېتىلىپ، بەستىنىڭ يې-
گىتلەردىن بولۇپ قالدى. بۇرۇتىمۇ خەت
تارتىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئانىسىنىڭ قوينىدا ئۇخ-
لاپ يېتىپ، چۈش كۆردى. چۈشىدە بۇلاق-
نىڭ ئۇخچىغىنىدەك تولىمۇ يېقىملىق بىر

كۇلكە ئاۋازىنى ئاڭلايدى. ئۇ تۆرەلگەندىن بېرى، مۇنداق يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدى. ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ گۇللەر ئارىسىنى، چىمەنلەر ئارىسىنى ئىزلەشتۇردى، بىردىنلا يەنە ئۇنىڭغا كۇلكە ئارىلاش ئىنچىكە بىر زىل ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھا...ھا...ھا... شۇ چاغقىچە ئانىسىنىڭ قويىنىدا ياتقىنىنى. خېجىللىقتىن مېنىڭ يۈزۈم كۆيۈشۋاتىدۇ.

يىگىت چۆچۈپ ئويغاندى. تەرەپ-تەرەپنى ئىزلەشتۇردى، ھېچكىم يوق، بىردىنلا يەنە شۇ كۇلكە ئاڭلاندى-دە، ئاستا-ئاستا يوقاپ كەتتى...

## سەۋدالىق

شۇنىڭ بىلەن يىگىت پۈتۈن دالىنى كېزىشكە، ئاشۇ كۇلكە ئىگىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. يۈرىكى خۇددى مىڭ تونۇرنىڭ تەپتىگە قاقلانغاندەك كۆيەتتى. ئۇ، بۇ كۆيۈكنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. دىلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنچە يارىلانغانلىقىنى، ئۆرتەنگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۆزىنى بۇنچە سەۋدالىق كويىغا سالغان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تاپانلىرى تېشىلىپ، پۇتلىرىدىن ئاققان قان بۇ كەڭ دالىلاردا ئۆسكەن گۇللەرنى سۇغىرىپ قىزارتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر بىر نەرسە رەھىمسىزلىك بىلەن مۇجىمالاقتا ۋە كۆيدۈرمەكتە ئىدى. يىگىت بولسا ئەنە شۇ كۇلكە قايناپ-تاشقان «بۇلاق»نى ئىزدەش كويىدا سەكپارە ئىدى. ئەجەبا، ئانىنىڭ باغرىدا بۇلاقلار ساناقسىز تۇرۇپتۇ، ئەنە شۇ سۈپسۈزۈك زىلال سۇلار ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالماسمۇ؟ ئاشۇ سۇدىن راسا قانغىچە گۆپۈلدىتىپ ئىچىۋالسا جېنى راھەتلەنمەسمۇ؟ ئاتەش يۈرىكى ئاز-تولا سەگىدىمەسمۇ؟

يىگىت جاھان كېزىۋېتىپ، نۇرغۇنلىغان بۇلاقلارنى ئۇچراتتى، ئەگىپ ئۆتتىيۇ، لېكىن بىرەر يۇتۇم ئىچمىدى، ئۇ قايسى بۇلاقنى ئىزدەيدىكىن؟

## مۇھەببەت

ئۇ ئاخىر يىقىلدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر ئىللىق پەپىلەشتىن لەززەتلىنىپ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئاجايىپ جۇلالىق نۇر ئىچىدىن چىققان بىر جۈپ كۈچلۈك قول ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىنى يۇمشاقىنا سىيلاۋاتاتتى. بۇ روھ — مۇھەببەت ئىلاھى ئىدى. ئۇ، يىگىتنىڭ مەڭزىنى سىيلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى:

— ئى ئاشىق يىگىت، سەن مۇرادىڭغا يېتىسەن، ئاناڭ، ئاتاڭ ھەم مەن ساڭا مەدەت بېرىمىز، — دېدى. يىگىت ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئى ئىلاھ، سەن جاۋاب بەرگىنە، مېنى بۇنچە قىينىغان زادى نېمە؟

ئىلاھ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

— نادان يىگىت، ئۇ مۇھەببەت، سەن ئۇنى ياراتقانىدىڭ، ئەمەدى تونۇمىدىڭمۇ، — دېدى.

يىگىت ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ئۈنلۈك ۋارقىراپ خىتاب قىلدى:

— مۇھەببەت! مۇھەببەت!!

زېمىن بۇ مۇھەببەت ساداسىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

جاھاندىكى پۈتكۈل جانلىقلار قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقى چېچىلدى، بىخلىدى... ھەممە ئۆز ئاشىقلىرىنى ئىزدىشىپ مەڭگۈلۈك سەپەرگە جابدۇنۇشتى... كۆكتە مۇھەببەت نۇرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك لاتاپىتى بىلەن پارلىدى.

## پىغان

يىگىت ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىدى. ئانا ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى:

— ئوغلۇم زارلانما، ئۇ ئەرلىك غۇرۇرۇڭغا راۋا ئەمەس، مەن ساڭا مەدەت قىلىمەن، تەڭرىمۇ ساڭا رەھىم - شەپقەت ئاتا قىلىدۇ، ۋىسالغا يېتىشنىڭ يولى بار.

## چۈشتىكى ۋىسال

يىگىت ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىدىن يەنە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ يەنە ئۇزۇن بىر چۆچەككە ئوخشاپ كېلىۋاتقان ئۈزۈلمەس چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرۈۋاتاتتى...

يەنە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ كۈلكە بارغانچە يېقىنلاشقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ زەن سېلىۋېدى، گۈللەر ئارىسىدىكى بىر غۇنچىنىڭ ھېچقانداق غۇنچىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۆزگىچە بىر سېھىر بىلەن جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىك - يېنىك تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا زوقلاندى. يەنە ۋىلىقلاپ كۈلگەن سادا ئاڭلاندى. بۇ كۈلگەن دەل شۇ غۇنچە ئىدى. ئاشىقلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، يۈرىكى بەكمۇ تۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ شۇ غۇنچىنىڭ ئۆزى ئىزدەۋاتقان «كۈلكىچى» ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى - دە، غۇنچىگە بىتاقەتلىك بىلەن قول ئۇزاتتى. لېكىن تۇيۇقسىز غايىپتىن بىر سادا كەلدى:

— ئەي ئاشىق يىگىت، ئۇنى ئۈزمىگىن، ئۇ تېخى غۇنچە، بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلما، ئاۋۋال ئۇنى ئېچىلغىلى قوي، ئۇ ھامان سېنىڭ! - دېدى.

يىگىت تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— مەن ئۇنى قاچانغىچە كۈتىمەن؟

— سەۋرى قىل، ئۇ «ئەتە» ئېچىلىدۇ.

## ئەتە

... يىگىت ئاخىر قايىل بولۇپ «ئەتە»نى كۈتمەكچى بولدى. لېكىن يۈرىكى تىنىم - تىنىم بولدى... ئازابلىق ئىڭرىدى. چۈنكى بىر ئاشىق ئۈچۈن «ئەتە» ئانچە قىسقا ۋاقىت ئەمەستە.

غۇنچە بېشىنى يېنىك چايقاپ، كىچىككىنە ياقۇتتەك ئېغىزىنى سەللا ئېچىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە يىگىتكە قاراپ:

— چىدىغىن جېنىم، ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ ئاتىدۇ، كۈتۈشمۇ ۋىسال تېپىشنىڭ بىر يولى، سەۋرى قىلغىن، - دېدى.

يىگىت غۇنچىگە تەلمۈردى. ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى ئۇزاق كۈتتى. ئۇ غۇنچىنىڭ ئىشقىدا خۇددى بۇلبۇل ئىدى. نالە قىلىپ ياقا يىرتتى. بۇلبۇلغا ئوخشاش شۇ غۇنچىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىنى زادى كۆرەلمەسمەنمۇ؟ ۋىسالىمغا زادى يېتەلمەسمەنمۇ دەپ پەرياد چەكتى...

ئاھ ئۇردى...

## ئانىنىڭ نەسىھىتى

يىگىت چۈشىدىن ئاله بىلەن ئويغىنىپ كەتتى، كۆرگەنلىرىنى ئانىسىغا بىرمۇ بىر ئېيتىپ قانيىغلىدى، ئانا ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ۋە يول كۆرسەتتى:

— ئوغلۇم، ئادەم بولبۇلغا ئوخشمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە مېھنىتى ئارقىلىق ھەر قانداق ئارزۇ مۇرادىغا يېتىدۇ. مېھنەت قىلساڭ، مۇشەققەتتىن قورقمىساڭ ئارزۇ گۈلۈڭنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرىسەن، ئىنسان ھەممىگە قادىر!

يىگىت ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ — مېنىڭ ئارزۇيۇم، سېنىڭ ياريڭ — مېنىڭ ئارزۇلۇق مېھمىنىم. بىراق، مېھماننى قورۇق داستىخانغا باشلىغىلى بولمايدۇ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا مول نېمەت تەييارلىغىن، بۇ كەڭرى خانەڭنى گۈللىتىپ ياسا، ئۇنىڭ يوللىرىغا پاياندازسال، يەنە مېھمانغا مېنىڭ باغرىمدىن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى قېزىپ تەييارلىشىڭ كېرەك، — دېدى.

## «ئەتە» نېمانچە ئۇزۇن؟

— ئانا، — دېدى يىگىت زارلىنىپ، — ئۇ ئەتە ئېچىلىدۇ، ئەتە. ئۇنىڭغىچە بۇ ئىشلارنى تۈگەتكىلى بولامدۇ؟

ئانا يەنە سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— بالام ئالدىرىما، سەۋرچان بول، دېگەنلىرىمنى ئورۇنلىمىساڭ ئۇ ئېچىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئېتىزىڭدىكى گۈلۈڭ ئەمەس، تۈنۈگۈن غۇنچە تۇزسە بۈگۈن ئېچىلىدىغان...

تەرسا يىگىت بۇ نەسىھەتلەرگە كۆنمىدى:

— مەن ئۇنداق كۆپ ئىشنى بۈگۈن قانداق تەييارلاپ بولالايمەن؟

بۇ قېتىم ئانا ئوغلىغا تەنبىھ تەلەپپۇزىدا ئېيتتى:

— ئىنسانلىقىڭغا ۋاي سېنىڭ، تەييارلاپ بولالمىساڭ ئېچىلىش ئۇيافتا تۇرسۇن، قۇرۇپ كېتىدۇ، قۇرۇپ ھەتتا ئەتەڭنىڭ تېگىسمۇ ئاتمايدۇ!

— نېمە؟ مەن تۇغۇلغاندىن بېرى نەچچىلگەن كېچىلەر يوروپ تاڭ ئاتتى، نېمەدەپ ئەمدى ئەتە تاڭ ئاتمىغۇدەك؟ بىر كۈن قانداقلا ئۆتمىسۇن تاڭ ئېتىۋېرىدۇ!... يىگىت ئانىسىنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن يۈرۈپ كەتتى. شۇ يۈرگىنىچە ئۇزۇن يول يۈردى. تاغ-داۋانلار ئاشتى، چۆل-جەزىرىلەر كەزدى. ئۇزۇن مەنزىللەرنى باسقاندىن كېيىن تاغنىڭ باغرىدا بىر غارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. غارغا ئېچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئاجايىپ-غارايىپ قورقۇنچلۇق ئاۋازلار، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتىشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەنىمۇ ئۇزۇنراق مېڭىۋېدى، ئالدىدا بىر كەڭرىلىك ھاسىل بولدى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچ بۇ كەڭرىلىكنىڭ چېكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرىدا غايەت زور بىر چوڭ تاش گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تاشنىڭ چوققىسىدا ياپراقلىرى گۆھەردەك يالتىراپ تۇرغان، ئاتەش رەڭلىك بىر غۇنچە جۇلالاپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئەتراپىنى بەت-بەشىرە دې-

ۋىلەر قورشىغانىدى. يىگىت غۇنچىنى كۆ-
رۈپ دەرھال تونىدى - دە، دېۋىلەرنى قاتـ
داق يوقىتىپ، غـۇنچىنى ئۈلارنىڭ قولـ
دىن تارتىۋېلىش ئۈستىدە ئـويغا پاتتى.
دەل شـۇ ئـەسـنـادا ئـۇنـىـڭ ئوي-
خـىـيـالـى مـەنـزىـل قـىـرغـىـقـىـغـا
يېتىپ كەلگىچە ئۇنىڭغا شۇ يەردە هـۆكۈم
سۈرۈۋاتقان كېچە مۇئەككىلى هۇجۇم باشـ
لىدى. ئۇ شۇنداق بىر نـەرەتارتىپ كېلىـ
ۋىدى ، بۇ يەر خۇددى جىمى كېچىلەر يىـ
غىلىپ قالغان، ئەزەلدىن تاڭ ئېتىپ باقـ
مىغان بىر دۇنيادەك يورۇقلۇقنىڭ زەررىـ
چىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ-
لۇققا پۈركەندى. يىگىت بىر ئاز تەمتىرىـ
دى،شۇنداق تۇرۇۋىدى،ئۇنىڭغا ئۇيقۇ مۇ-
ئەككىلى سېھىرگەر دېۋە قول سالدى. يىـ
گىت سېھىرلىنىپ غەرق ئۇيقۇغا كـەتتى .
غۇنچە بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپ توخـ
تىماي ياش تۆكتى. ئۇنىڭ يېشى يىگىتنىڭ
ئۇيقۇلۇق بېشىغا تامچىلاپ ئاخىر ئۇنى ئوي-
غاتتى. يىگىت ئورنىدىن چـاچراپ تـۇر-
دى - دە، غۇنچىگە قارىدى . ئۇنىڭ ياپـ
راقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، غۇنچە،غۇنـ
چە پېتىلا سولىشىشقا باشلىغانىدى. يىگىت
ئۆز رەقىبىگە بولغان قاتتىق غەزەپ، سۆيـ
گۈ كۈلىنىڭ ئېچىلماي تۇرۇپلا سولغىنىغا
بولغان ئەلەم ۋە قەلبىدىكى تىنىمسىز ئۆر-
تىنىۋاتقان سۆيگۈگە بولغان بىتاقىتىنىڭ

تۈرتكىسى بىلەن ئۇمۇ قاتتىق نەرە تار-
تىپ رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشتى. كېچە ۋە
ئۇيقۇ مۇئەككىللىرى ئاخىر ئۇنىڭغا بول-
غان هۇجۇمنى توختاتتى، يىگىت ئۇلارنى
يەڭدى، لېكىن يوقىتالمىدى،چۈنكى ئۇلار
قىلىچتا ياكى مۇش -تېپىكتە ئەمەس، پە-
قەت كۆچلۈك نۇردىلا ئۆلەتتى . ئاشۇغۇنـ
چە ئېچىلىپ، تاڭ ئاتسا، كۆكتە چـولپان
پارلىسىلا بۇ دېۋىلەر ئاندىن هالاك بـو-
لاتتى.

باشقـا دېۋىلـەر يىگىتتىن قورقۇپ ئۇ-
نىڭغا هۇجۇم قىلمىدى . يىگىت غـۇنچىگـە
قاراپ ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇر-
دى. سۇ تا ئامىسىز، ئۇيقۇسىز هالدا ئۇزۇن
ۋاقىت كۈتتى، قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كـۈتـ
كەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كۈتۈپ هار-
دى، كۈتۈش نېمە دېگەن زېرىكىشلىك؟!ئۇ
قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي خىيا للار ئـارىـ
سىدا ئاستا - ئاستا چامداپ دەريا بويىغا
كەلدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇدا يۈز-قولـ
لىرىنى يۇدى . يۈزىنى سىيلىۋىدى،قولىغا
ساقال - بۇرۇتلار ئۇرۇندى . ئۇ چـۆچۈپ
دەرياغا قارىۋىدى، ئۆز ئەكسىنى كۆردى.
بىر ساقاللىق بوۋاي تۇراتتى. ئۇنىڭ رو-
هى چۈشۈپ دەريا بويىدا زوڭزىيىپلا ئولتۇ-
رۇپ قالدى. هەسرەتلىك ئۇھ تارتتى.

— ئاھ، ئەتە ... ئەتە نېمە دېگەن ئۇ-
زۇن؟!

## «غۇنچە» نىڭ تىلىكى

ئۇ غۇنچە يېنىغا بېرىۋىدي، غۇنچە ئۇ-
نىڭغا:

— ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ بۇنـداق هـالاك
قىلما ، مەن توزۇپ كېتەي دەپ قالدىم ،
ئاناڭنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىساڭ مـەن
مەڭگۈ ئېچىلالمايمەن، بىز ۋىسالغا يېتەلـ

مەيمىز ، ئاللانىڭ نېسىپ ئەتكەنلىرىمۇ
مېھنەتسىز قولغا كەلمەيدۇ، ئاللا ئىنسانـ
لارغا بەخت ئۈچۈن ئـېلىشقۇدەك قۇدرەتـ
نى بەرگەن، ئۇمۇ سېنى سىنايدۇ، سىناقـ
تىن ئۆتەلمىسەڭ ساڭا نېسىپ ئەتكەنلىـ
رىنى قايتۇرۇۋالىدۇ ، سەن پادىلىرىڭغـا

يەم تاشلاپ بەرگەندەك، ئاللا ساڭا ئۆز-
لۈكىدىن تاشلاپ بەرمەيدۇ، بارغىن، ئا-
تاڭنىڭ دېگەنلىرىنى بىجا كەلتۈر، -دېدى.

يىگىت بۇسۆز بىلەن قايتىدىن يول ئېلىپ
ئانىسىنىڭ ۋە «غۇنچە» نىڭ ئېيتقانلى-
رىنى بىجا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

## ئانا رازى بولدى

شۇ چاغدىلا ئانا ئۇنىڭدىن مەمنۇن
بولدى ۋە ئوغلى بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى.
— ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ ئوغلۇم،-
دېدى ئانا رازىمەنلىك بىلەن ئوغلىنىڭ
جاسارەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ
تۇرۇپ، - ئەمدى بوشاشمىغىن، ھاياتنىڭ
گۈلى ئاسانلىقچە ئېچىلمايدۇ، مەن ها-
مىلدار، يەنە سېنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلى-
رىڭنى تۇغىمەن، ئۇلارمۇ ئارزۇ غۇنچىسى-
نى مۇشۇنداق ئەجىر بىلەن ئېچىلدۇرىدۇ...
يىگىت چۆچەككە ئوخشاش يېقىشلىق،
ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاش يېقىملىق بۇ
شۇئىرلاشلاردىن مەستخۇش بولۇپ، شېرىن
ئۇيقۇغا كەتتى (ئۇ مۇشۇنداق
ئۇخلىمىغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىتلار بولغانىدى).

## يار بېغىمغا كەپتۇ

يىگىت شېرىن ئۇيقۇسىدا شېرىن چۈش-
لەرنى كۆرۈۋاتاتتى... چېچەك پەسلى ئې-
مىش، قۇشلار شوخ سايراشماقتا، يىگىت
ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى تىڭشاپ
لەززەتلىنىپ ئولتۇرسا، تۇساتتىنلا «چۇس-
سىدە»قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەك قۇش-
لارنىڭ نەغمىسى بارغانچە ئەۋج ئېلىپ
كەتتى ھەم شۇ نەغمىلەرگە قوڭغۇراقتەك
زىل ۋە سۈزۈك تونۇش بىر كۈلكە ئاۋازى
قوشۇلغاندەك سېزىلدى- دە، يىگىتنىڭ
ئارامى بۇزۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سا-
لىدىغان بىر ئىللىق سېزىم تارالغاندەك
ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەپە چى-
قارمايلا ئاستا مارىلاپ باغ ئىچىنى ئىز-
دەشكە باشلىدى. غۇچچىدە ئېچىلغان چې-
چەكلىك ئارىسىدا بىر غۇنچە، ياق، غۇن-
چە سىيا قىلىق نازاكەتلىك بىر قىز چى-
رايلىق ئېچىلغان بىر تال چېچەكنى چې-
كىسىگە قىستۇرۇۋېلىپ، قۇشلارنىڭ ناخ-
شىسىغا تەڭكەش قىلىپ ۋىلىقلاپ كۈلگى-
نىچە گويا بولۇت ئەگكەندەك سىلىق، گۈل
ئېچىلغاندەك تەبەسسۇم بىلەن لەرزان
ئۇسسۇل ئويىنىماقتا ئىدى. يىگىت بۇھالى-
نى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— يا پەرۋەردىگارا، بۇ ئەرش مەلى-
كىسىمۇ ياكى گۈل پەرىسى...؟ قىز يى-
گىتنى كۆرۈپ لاللىدەك قىزاردى ۋە ئۇس-
سۇل ئويناشتىن توختاپ، خۇددى بۇلۇت
ئۈستىدە ماڭغاندەك يەڭگىل دەسسىگىنىچە
يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەدەب بى-
لەن سالام قىلدى.

— ئەسسالام يىگىت...

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام پەرىزات
قىز...

يىگىت قىزنى بۇنچە يېقىندىن كۆرۈپ
تاڭ قالدى، ئاق چېچەك قىستۇرۇۋالغان بۇ
قىز شۇ تاپتا يىگىتنىڭ كۆزىگە بەئەينى
بىر شاختا غۇنچە تۈزگەن ئاق ئەتىرە بى-
لەن قىزىل ئەتىرە جۇلالاپ تۇرغاندەك
كۆرۈندى. چۈنكى بۇ قىزنى شۇ تۇرۇقىدا
گۈلدىن پەرقلەندۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى. يىگىت ھاياجىنىنى زادىلا با-
سالمايتتى... — ئاھ غۇنچە، گۈللىگەن
غۇنچە، مېنىڭ «غۇنچە»ممۇ مۇشۇنداق
ئېچىلسا ھە... ئېھ...

قىز يىگىتنىڭ ھەيرانە-ھەس بولغان
بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ سەل تەمتى-
رىدى- دە، ئاندىن غۇنچىدەك ئېغىزى-
نى ئوماققىنا ئېچىپ:

— ئى بەرنا يىگىت، مېنى كەچۈرگىن،

چېچېكىڭنى ئوغرىلاپ قويدۇم، لېكىن سې-
نىڭ مۇشۇنداق باغنى بىنا قىلغان پەزى-
لىتىڭدىن سۆيۈندۈم، ئىلگىرى بۇ تۇپراق-
تا مۇنداق باغ يوق ئىدى، - دېدى.
يىگىت:
— ياق كەچۈرەلمەيمەن، ھەققىنى قاي-
تۇرمىساڭ بولمايدۇ،- دېدى - دە، ئاستا
كېلىپ ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قىزنىڭ
تېخى ئەمدىلا پىشاي دەپ كەلگەن قىپ-
قىزىل «ئالۇچىسى»دىن بىرنى خۇددى ئۇ
چېچەكنى ئۈزگەندەكلا «چوككىدە» قىلىپ
ئۈزۈۋالدى. قىز يىگىتنىڭ ئانار رەڭ
مەڭزىگە يېنىككىنە بىرنى ئۇردىدە، قاچتى
ۋە قېچىشىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ، بەئەينى
قىزىلگۈلنىڭ شامالدا ئەگىنىدەك لەپ-
پىدە كەينىگە قايرىلدى. بىراق ئارقى-
دىنلا كەينىگە قاراشنى ئۇيات ھېس قىل-
غاندەك يەنە قايرىلىپ ماڭدى. بىر نەچ-
چە قەدەمدىن كېيىن يەنە كەينىگە ئاستا
قايرىلىپ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئوت-
لۇق كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكتى... يىگىتمۇ
ئۇنىڭغا كىيىكنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرى-
نى تىكىپ، قاراپ تۇراتتى... يىگىتنىڭ
قەلبىدە شېرىن تۇيغۇلار بۇلاقتەك ئۇرغ-
ۇپ تاشاتتى. ئېھ، بۇ قىيا بېقىشلار...
قاراڭغۇ گۆرگە چىراغ ياققاندەك، يىگىت-
نىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ يورۇتۇۋەتتى.
يىگىت ئوتلۇق ھېس - تۇيغۇلار قوچىقى-
دىن بېشىنى كۆتەرگىنىچە قىز غايىپ بول-
دى. يىگىت تاقەتسىزلىنىپ توۋلىدى:
— غۇنچە قىز، غۇنچە... مېنىڭ غۇنچەم!!

**ئىستەك**

بۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن يىگىت
بالاغا قالدى، بالاغا! شۇنىڭدىن بېرى ئۇ
چۈشىدە ئۇچراشقان قىزنى كۆرۈش ئىس-
تىكىدە دائىم ئاشۇ باغنى ئايلىنىدىغان
بولۇپ قالدى.
بىر كۈنى ئۇ قولىدا بىر تال چېچەكنى
تۇتۇپ قىزنى خىيال قىلىپ تۇراتتى، ئۇ-
نى خۇددى بۇلبۇلنىڭ ئۇيقۇسىدەك بىر
شېرىن ئۇيقۇ تۇتتى... ئۇ قىز بىلەن ئۇچ-
راشقان ئۆرۈك تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ تۇر-
غۇدەك، شۇنداق تۇرۇشىغا ئۆرۈكنىڭ كەي-
نىدىن ئاشۇ غۇنچە قىز ۋىلىقلاپ كۈلگى-
نىچە چىقىپ كەلگۈدەك.
— مەرھابا غۇنچە قىز، يولىڭىزدا سەك-
پارە بولغانىدىم، دىدار كۆرگىنىمگە ئال-
لاغا مىڭ رەھمەت. مەن سىزنى كۈتكىلى
نەۋاخ؟ بىلەمسىز... قىز يىگىتنىڭ گېپىنى
تارتىۋالدى:
— ئۇيقۇچى يىگىت، ئازاب تارتتىم دەي-
سەنۇ، ئۇيقۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرەلمەيسەن،
سېنى قانداقمۇ ئاشىق دېگىلى بولسۇن؟
مەن سېنى كۈتكىلى نەۋاخ؟- دېدى.
يىگىت بۇ سۆزدىن يەرگە ئۇرۇلغاندەك
بولدى ۋە ئەلەم بىلەن:
— ئى ھايا تىمنىڭ غۇنچىسى، مەن سې-
نى پەقەت چۈشۈمدىلا كۆرۈۋاتىمەن. سەن
مېنىڭ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىم-
نى بىلمەيسەن، مەن سېنىڭ ۋەسلىڭگە يې-
تىش كويىدا ئاشىقانە ياقا يىرتىپ، سۇ،
تائامسىز يۈرۈيمەن، يەنە ماڭا رەھىم ئەي-
لىمەي مېنى ئەيىبلەمسەن؟ سېنى ئىزدەپ،
كەزمىگەن دالا، تاغلار، بارمىغان ھەرەم باغ-
لار قالمىدى. كۆزۈمدىن ئاققان ياشلار-
دىن گىياھلار سۇغىرىلدى. تېشىلگەن تاپى-
نىمدىن ئاققان قانلاردىن گۈللەرنى
بويىدىم، مېنىڭ ئۇيقۇسىز كېچىلىرىمگە

ئاي ـ يۇلتۇزلار گۇۋاھ... دېگىنىچە ئاھ
ئۇردى. غۇنچە قىز يىگىتكە تەسەللىي بەردى:
ـــ ئەي يىگىت، جاسارەتلىك بول، يىغا
بىلەن ئارزۇ كۆلۈك ئېچىلمايدۇ. كونىبو-
يى پەلەكتىن زارلىنىپ يىغلاپ يارىڭنى
كۆتكىنىڭنىڭ ئۇيقۇدىن نېمە پەرقى ؟...
ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشتى. قىز قەدەمدە
بىر گەپ ئويىنىتىپ يىگىتنى سىنايتتى:
ـــ مەن ئۆتكەندە بېغىڭغا كەلگەندە بىر
نەرسەمنى يۈتتۈرۈپ قويۇپتىمەن، مەن
ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، كۆزۈڭگە قارى-
سام، ئۇنى سېنىڭ ئوغرىلىۋالغانلىقىڭ
مانا مەن دەپلا تۇرىدۇ. مەن پەقەت ئاشۇ
« نەرسە » بىلەنلا ئاندىن مەۋجۇت بولا-
لايمەن، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر، ـ دېدى.
يىگىتمۇ بوش كەلمەي:
ـــ ئەمەلىيەتتە سەن مېنىڭكىنى ئوغ-
رىلىدىڭ، بىلسەڭ مەنمۇ ئۇنىڭسىز ياشى-
يالمايمەن، سېنىڭ كۆزۈڭمۇ مېنىڭ نەر-
سەمنى سېنىڭ ئوغرىلىغانلىقىڭنى ئاشكا-
رىلاپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ پەقەت ئاشۇ «نەر-
سە» بىلەنلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ بۇ رېئال-
لىق ئالىمىدە مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلى-
مەن. ھايات دەرىخىمدىكى ئۆمۈر ياپراق-
لىرىمۇ پەقەت ئاشۇنىڭ بىلەنلا يا-
شىرىدۇ، ـ دېدى.
ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. ئاشىقلارنىڭ
كۈلكىسىگە جۆر بولۇپ ئۆرۈك چېچەكلىرى-
مۇ شىۋىرلاپ كۈلۈشۈۋېدى، بۇ ئىككى ئاشىق-
مەشۇقلار چېچەكلەر چاچقۇسىغا كۆمۈلۈپ،
خۇددى بىر جۈپ گۈل پەرىشتىگىلا ئوخ-
شاپ قېلىشتى.
بۇ قېتىم يىگىت ئۆز ئىختىيارى بىلەن
قىزغا چېچەك ئۈزۈپ بەردى. قىزمۇ يى-
گىتكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋايىغا يې-
تىپ پىشقان ئالۇچىدىن بىرنى ھەدىيە
قىلدى. يىگىت ئالۇچىنىڭ لەززىتىدىن
مەست بولدى.
ئۇلار چاقچاق قىلىشاتتى. يىگىت گەپ
ئويىنىتىپ:
ـــ ئۆتكەنكى ئالۇچا تېخى تازا پىشما-
غان، ئاچچىق-چۈچۈك ئىدى، مانا ئەمدى
تازا قىيامىغا يېتىپتۇ، ـ دېدى . قىز بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ نازلىق قىيىدىغىنىچە:
ـــ ئۇ سېنىڭ تەلۋىلىكىڭ، ـ دېدى.
يىگىت قىزغا:
ـــ بۇ باغ سېنىڭ، گۈزىلىم، ھەتتا باغ-
دىكى قۇشلارمۇ سېنىڭ، سەن بۇ بېغىمنىڭ
خوجايىنى، قانغۇدەك ئويىنىغىن... دېدى.
قىزمۇ جاۋابەن:
ـــ بۇ ئالۇچا سېنىڭ ، پەقەت سەنلا
ئۈزۈپ يە، ـ دېدى.
قىز چېچەك ئۈزۈپ ئوينىغاچ يىگىتكە:
ـــ مەن ئەمدى قايتىمەن، بۇ ساڭا خاتىرە
بولسۇن، ـ دەپ يىگىتكە بىر ئالتۇن كەمەرھە-
دىيە قىلدى. يىگىت مىڭ رەھمەتلەر بە-
لەن كەمەرنى ئالدى ۋە قىزغا ئۆزىيۈرىكى-
نى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سوۋغا قىلماقچى بو-
لۇۋېدى، قىز ئۇنى توسۇپ:
ـــ سەن ئۇنى ماڭا ئالماقچان سوۋغا
قىلىپ بولغان، ئۇ مېنىڭ بوينۇمدا تۇمار
قىلىپ ئېسىغلىق، ـ دېدى ۋە يىگىت بىلەن
خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇۋېدى ، يىگىت
ئاھ ئۇرۇپ قىزغا يالۋۇردى:
ـــ دىلدارىم، كەتمە، مەن بەرداشلىق
بېرەلمەيمەن...
قىز:
ـــ سەن ھازىرغىچە چۈشۈڭدىكى ۋىسال-
نى ئىزدەپ كونىبويى ئۇخلايسەن، ماڭا
ئاشىق بولساڭ مېنى ئىزلە، ـ دېدى.
يىگىت:

— گۆزىلىم، سېنى نەدىن ئىزدەيمەن؟— دېدى بىتاقەت بىلەن. قىز قىزارغان ئۈپۈقنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە شۇ ئۈپۈق كۆتۈرۈلگەن جايدا، بارالامسەن؟— دېدى.

يىگىت:

— چوقۇم بارىمەن. قىز يەنە چاقچاق قىلدى:

— مەندىن ئوغرىلىغان نەرسىنى ئالغاچ بارامسەن؟

يىگىتمۇ:

— ئەلۋەتتە، سەنمۇ مەندىن ئوغرىلىغان نەرسىنى تەييارلاپ قويامسەن؟

قىز يەنە ۋىلىقلاپ كۈلدى:

— تەييارلاپ قويىمەن، سەن يېنىمغا بارغىچە مەن ئىككىمىزگە شەپەقتىن ئۆي ياسايمەن، بىز بەخت دەرياسىغا چۆمۈلىمىز، تېزرەك بارغىن، مېنى بىتاقەت قىلمىغىن، خەير، - دېگىنىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۈپۈققا قاراپ ئاستا ئۇچۇپ كەتتى. يىگىت چۈشىدىن ئويغانغاندا ئالتۇن كەمەر ئۇنىڭ بېلىدە تۇراتتى.

ئانا يىگىتنىڭ چۈشىگە تەبىر بەردى:

— ۋىسال گۈلۈڭ پات يېقىندا ئېچىلغۇدەك، ئالتۇن كەمەر ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن كۈچ - قۇدرىتى، سەن بۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق مۇشكۈلنى يېڭەلەيسەن، ئەمدى پۈتۈن جاسارىتىڭ بىلەن تىرىشقىن، ئەتەڭنىڭ تېڭى پات يېقىندىلا ئاتىدۇ! - دېدى.

بۇ سۆزلەردىن يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى كۈچكە تولدى. تاغلارنى پارچىلاپ سۇ ئەكىلىپ قاغجىرىغان چۆللەرگە باشلىدى. كۆچەتلەرنى تىكىپ زېمىننى بوستانغا، گۈللەر تېرىپ گۈلىستانغا، تىلسىملارنى ئېچىپ، جاھاننى ئالتۇن - تىللاغا تولدۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ ھارمايتتى، كەمەرنى ھەر قېتىم چىڭىتقاندا غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشاتتى، ۋۇجۇدى زور كۈچ - قۇۋۋەتكە تولاتتى. يىگىت بارغانسېرى سوزۇلۇۋاتقان تاڭغا قاراپ ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ئەتىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەسكەن. پەقەت مېھنەتىمىزنىڭلا ئەتىسى تاڭ ئاتمايدىكەن... يىگىت خىرۇستالدەك پاك، نۇردەك پارلاق تەرىنى سۈرتكەچ، جاراڭلىق ناخشىسىنى باشلىۋەتتى...

## خاتىمە

بىر گۈزەل موماي بىلەن خىزىر سۈپەت بىر بوۋاي ساقىلىنى تاراپ ئولتۇرۇپ، ئوچاق ئالدىدا ئۆتكەن ھاياتتىن چۆچەك ئېيتىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ چۆچىكى بەئەينى يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىسسەتلەر ھېكايىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بالىلىرىنى گۆھەر ئىزدەشكە يولغا سېلىشىپ ئۆزلىرى خانىلىرىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ، سۆيگۈسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

موماي پات - پات ۋىلىقلاپ كۈلەتتى... ئۇلار زېرىكىشنى تۈزۈشمەكچى بولدى بولغاي، ئاستا قولتۇقلىشىپ، يىگىت بىنا قىلغان باغقا ئوخشىمايدىغان بىر باغنىڭ يېنىغا كەلدى. موماي بىردىنلا كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىتىپ، باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىردى-دە، مەي باغلاپ پىشقان بىر تال ئۆرۈكنى «چۈرس» سىدە ئۈزۈپ يېدى. بوۋاي مومايىنىڭ كەينىدىن ئۈن - تىنسىز كەلدى - دە، مومايىنىڭ بېلىكىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— توغرى، ئەينى چاغلاردا چېچەكنى توغرىلايتتىڭ، ئەمدى ئۆرۈكنى توغرىلامسەن؟ ئۆرۈكنىڭ ھەققىنى بەر، — دېدى.

موماي بوۋىيغا ئىللىق بېقىپ:

— چېچەكلىرىمىز مېۋىگە كىرگەندە چېچەك توغرىلاپ نېمە قىلاي، ئۇنى ئەمدى بالىلار، نەۋرىلەر توغرىلايدۇ، — دېدى پەخىرلىنىپ كۈلۈپ.

بوۋاي:

— ئۇنداقتا مەنمۇ سېنىڭ ئالۇچىلىقىڭدىن شىرنە يىغىپ پىشقان ئالۇچاڭدىن بىرنى ئوغرىلايمەن، — دېدى - دە، مومايىنىڭ بويىنى ئالۇچىنىڭ شېخىنى قايرىغاندەك يېنىككىنە قايرىپ، ئۇنىڭ قىيامىغا يەتكەن ئالۇچىسىدىن بىرنى ئۈزۈۋالدى. قۇشلار بۇ ھالنى كۆرۈپ شوخلۇق بىلەن خۇشال سايرىشىپ كەتتى. باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇلار خۇددى ۋىسال چاچقۇسىدەك تۆكۈۋاتقان مېۋىلەر چاچقۇسىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇ مەستخۇشلۇقتا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بۇ كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن بىر يارقىن ناخشا سادىسىنى ئاڭلىغان بوۋاي مومىيغا قاراپ دېدى:

— زەن سالغىنا، ئوغلىمىزنىڭ ناخشىسى نېمە دېگەن جاراڭلىق!...

موماي ئىپتىخارلىق بىلەن:

— شۇنداق، ھەقىقەتەن جاراڭلىق، ئۇ ھايات ناخشىسىنى ھەقىقەتەن جاراڭلىق ئېيتتى، ئەمدى گۈزەل ئەتە تاڭ ئاتىدۇ، بىز يېڭى مېھماننى كۈتۈۋالىمىز، يىگىتىمىز بەختلىك ھالدا ۋىسالغا يېتىدۇ، — دېدى. ئۇلار تەڭرى بوۋاي بىلەن تۇپراق موماي ئىدى.

بۇ جاراڭلىق ناخشىدىن زوق ئېلىپ، يۈرەكلىرى ئارام تاپقان بوۋاي بىلەن مومايمۇ پەرزەنتىگە جۆر بولۇپ، بەختىيارلىق ھېسلىرىغا تولغان جاراڭلىق ناخشىنى باشلىغاچ، يېڭى مېھماننى كۈتۈشكە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قۇياش كۈلۈپ، تاڭ ئاتقان سەھەردە بۇ جاراڭلىق كۆي-ناۋا ھاياتلىق زېمىنىنى ئەكس سادا بىلەن لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

1992- يىل 10- ئاي - 1993- 1- ئاي

## ئۈمىد

(نەسىر)

### ئۆركىشى

ۋاقىت گويا بىر توپ بالىلاردەك قاتار تىزىلغانچە ئۆتۈپ كەتتى. دۇنيا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئامالسىز قاراپ قويدى.

ئوغرىلىقچە سۆيۈشۈۋاتقان گۈل بەرگىلىرى دەرھال ئۆزلىرىنى رۇسلاپ، پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنى ئۇزىتىپ قويدى. ناخشا ئېيتىۋاتقان بۇلبۇللارمۇ جىمىدى، كېپىنەكلەرمۇ ئۆيلىرىگە كەتتى.

لېكىن، تۈن پەردىلىرىنىڭ قارايغان چېھرىگە قاراپ كىمدۇر بىرى تېخىچە ئۆز خانىسىغا كەتمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە تاڭ يىپلىرى يەلپۈنمەكتە. قارىچۇقلىرىدا غۇچچىدە يۇلتۇزلار ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ، ئۇ مۇشۇ گۈزەل دەقىقىلەردە ئالەمنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

# خانىم يىغلىمىدى

(ئوبزور)

ئىدرىس رۇسۇل

كىتابخانىلارغا ئايان، كۆز يېشى ھەر قانداق شارائىتتا خاپىلىق، دەرد - ئەلەم، ھەسرەت ئارقىلىقلا چىقمايدۇ. بەزىدە ئادەم ھەددىدىن زىيادە خۇش بولۇپ كەتكەندە، بەك ھاياجانلانغاندىمۇ زىناقلىرى ئىسسىق ياش تامچىلىرى بىلەن نەملىنىدۇ. ئۇنداقتا خانىم نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ھەر كۈنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى دەرس تەييارلاش، ئۆي ئىشلىرى، دەرسكە قاتنىشالمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە سۆھبەتكە بېرىش... قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدىمۇ؟ ياكى ئېرىنىڭ يەر تېگىدىن ھومىيىپ قاراشلىرى، مۇدىرنىڭ تاپا - تەنىلىرى، قاتتىق گەپلىرى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدىمۇ؟

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 5 - سانىدىكى ماخمۇت سىدىقنىڭ «خانىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟» ھېكايىسىنى ئوقۇۋېتىپ كۆز ئالدىمدىكى بارلىق نەرسىلەر — قولۇمدىكى ژۇرنال، مەن، ھەممە - ھەممە نەرسە سوراق بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟

مەن بۇ ھېكايىنى قايتىلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قىممىتى شۇ ئەسەردە كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى، ئىچكى - تاشقى دۇنياسى، غايىۋى مەنزىرىسى قانداق تەسۋىرلەنگەنلىكى، ئومۇمىيلىق بىلەن ئىدىيەۋى رېئاللىقنىڭ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق ئېچىپ بېرىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

«خانىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟» يۇقىرىدىكى تەرەپلەرگە ئۇيغۇن بولغان. رېئاللىقنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ياخشى يېزىلغان بىر ھېكايە. سۆزلۈك، ۋەزمىن ھېسسىيات، ساددا ۋە جىلۋىدار بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن جانلاندۇرۇلغان بۇ ھېكايىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆيۈمچان ئېسىل خىسلىتى ئۇستىلىق بىلەن قايىل قىلارلىق ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن.

ھېكايىنىڭ بېشىدىلا بىر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان خانىمغا يولۇقىمىز. ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ پۇتىغا شوخا كىرىپ كېتىش بىلەنلا شوخا ئۇنىڭ پۇتىغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ بالا بىلەن تەڭ يىغلاپ تاشلايدۇ.

«خانىم، سىزنى بىرسى ئۇردىما؟ - ياق، - ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز؟»

ئۇنى ھېچكىممۇ ئۇرمىغان ھەم ئۇرمايدۇ. كۈنبويى توپا - چاڭدىن خالى بولالمايدىغان، قوي مايا قىلىرى، كالا، ئېشەك تېزەكلىرىدىن پەيدا بولغان قاڭسىق پۇراق قاپلاپ تۇرىدىغان سەھرادىكى فېئودال تۇرمۇش ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان سادda، ئاقكۆڭۈل ئېلىنىڭ ئېچىنىشلىق ناچار شارائىتتىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش قارىشى، ياخشى تەبىئەتلىك دېھقان بالىلىرىنىڭ مىجەزى، جاپالىق ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان يېزا - قىشلاقلاردىمۇ ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت تامغا بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس قىلىپ ئۇرۇلغان.

ئېلىنىڭ نالىسى، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىت، ئۆيىدە ئاچ قورساق يىغلاپ قالغان بالا، ئۇنىڭ بىلىم بېرىشكە تەشنا بولۇپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر نەچچە جۈپ كۆز... ئاپتور بۇلارنى كەسكىن زىددىيەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن.

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئاپتور ئۇستىلىق بىلەن تولىمۇ رەڭدار، كۆركەم جانلىق بىر سۈرەتنى مەيدانغا چىقىرىش بىلەن ئىختىيارسىز ئۆزىنى خۇدانىڭ تەقۋادار بەندىسى ھېساپلايدىغان، لېكىن ئائىلە مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان ئاتا - ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ئېلىنىڭ «تاماشا» لىرىغا ئاغدۇ. بىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى ئۇلىنىڭ سەزگۈرلۈكى، ئەقىل - پاراستى، خېلى چوڭ ياشتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان «ئويۇن» ى، دەسلەپ بىزگە ئۇنىڭ ئازنە كۈچە بىلەن خانىقىز ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر ئۆيگە جەم بولۇش - بولماسلىقىغا «پال سېلىش» ى غەلىتە تۇيغۇ بېرىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا ئۇ ياسىغان «كۆۋرۈك» ئارقىلىق بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىدۇ.

ھېكايىدىكى دىئالوگلارنى چۈچۈك تىللارنىڭ ياردىمى بىلەن جايىغا قويۇش ئارقىلىق ئاپتور تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ يىراق بىر سەھرادا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى جاپالىق شارائىتتا قارىماي دادىل ئىشلەۋاتقان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر مەنزىرىنى ياراتقان.

«— خانىم، ئاخشام دادام بىلەن ئانام ئىككىلىسى يىغلىدى، ئەمدى سىزمۇ يىغلاۋاتىسىز. ئاۋۇ تاغنىڭ بۇلاق دەيدىغان بىر كۆزى بارمىش، بالىلار ئۇنىمۇ يىغلايدۇ دېيىشىدۇ».

يۇقىرىقى دىئالوگلار ئارقىلىق ئاپتور ئەپچىللىك بىلەن ئېلىنىڭ ئوماق سادda ھالىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرگەن.

يىغىنچاقلىغاندا خانىم يىغلىمىغان، بەلكى ھەقىقىي ئىپتىخارلىق كۈلكىسى بىلەن كۈلگەن.

# شېئىرلار

## توختىمۇر روزنىياز

### مۇقەددەس سەھرا

ئانام ماڭا تۇغۇپ بەردى مۇقەددەس سەھرا،
سەھرا ئەمەس جەننەتكە بىبىر ئىللىق مېھىر.
شۇندىن بېرى پەرىشتىلەر يولۇمدا ھەمراھ،
ھۆر-پەرىلەر ئىشقىمدا ئوت، قولۇمدا ئەسىر.
شۇندىن بېرى دىلغا نەمدە شادلىق نۇرلىرى،
كۆلكەم بىلەن نۇر تاراتتى ئاسماندا قۇياش.
ئىلھامىمدىن ئۆركەشلىدى دەريا سۇلىرى،
ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەردى خىزىردەك ياشاش.

غۇزۇرۇمدىن ئۆرنەك ئالدى تەڭرىتاغلىرى،
غۇرۇر بىلەن ئادەم بولدۇق ھەممىمىز ئېزىز.
لىرىكىغا تولۇپ كەتتى كۆڭلۈم باغلىرى،
ئوماق سەھرا باغاشلىغاچ باغرىمنى لەزىز.
چېچىشۋەتتى ھوزۇرۇمنى پۈتۈن جاھانغا،
گۈزەللىكتىن نەپەس ئالغان سەھرا تىنىقى.
شۇنىڭ بىلەن بەخت ياغدى پۈتكۈل ئاۋامغا،
سائادەتتىن زوققا چۆمدى ئۇپۇق سىزىقى.

### يارىمغا خەت

ئەي خېنىم، سەن بۈگۈن نىشانەڭگە يەت،
دەردىمنى يارىمغا بىر - بىر بايان ئەت.
ئايرىلىش ھىجرىدە ھالىم خارابتۇر،
يۈرىكىم ئازابتا، قالمىدى تاقەت.
بىر چاغلار سەن ماڭا قىلغان تەبەسسۇم،
ئاھ! بۈگۈن جېنىمغا كەلتۈردى ئاپەت.
يادىمدىن كەتمەيدۇ شېرىن مىنۇتلار،
بىز تۈنجى كۆرۈشكەن ئۇنتۇلماس سائەت.
ئالغانتىم لېۋىڭدىن بىرلا شۇمۇرۇپ،
دۇنيادا تېپىلماس ئالەمچە لەززەت.

نەقەدەر قىممەتلىك بىزنىڭ كەچمىشلەر،
سەن مېنىڭ بولغانتىڭ ئاشۇ چاغ پەقەت.
ئۈمىدىم سېنىڭدە ئۇزۇندىن بېرى،
چۈشەنگىن كۆڭلۈمنى پەرىشتە سۈپەت.
ئىلاھ بوپ تۆرەلگەن ئوخشايدۇ دىلدا،
مەن ساڭا ئاتىغان تۈنجى مۇھەببەت.
كەل، مېنىڭ ئامرىقىم دەرھال يېنىمغا،
جېنىمنى ياشناتقىن ياكى ئېلىپ كەت.
سەن ئەگەر كەلمىسەڭ ئۇۋۋالىم ساڭا،
مەن ئۈچۈن بەربىر چېكىسەن ھەسرەت!

### يىگىتمەن

يىگىتمەن قانلىرىم جۇش ئۇرۇپ تۇرغان،
ئارزۇيۇم تاغلاردەك بۈيۈك ۋەكاتتا.
ۋۇجۇدۇم جاھانغا ھارارەت بەرگەن،
يەر شارى ئالمىدەك قولۇمدا ھەتتا.
يىگىتمەن يۈرىكىم ئوت بولۇپ كۆيگەن،
دىلغا نەم تۆكىدۇ ئالەمگە مېھىر.

تىلىكىم قۇياشنىڭ مەڭزىنى سۆيگەن،
يۈرەكلەر ئارمانىنىڭ ئىشقىدا ئەسىر.
يىگىتمەن ياشلىقىم بىخ سۇرۇپ تۇرغان،
ئەجرىمدىن بولغۇسى ۋەتىنىم جەننەت.
يىگىتمەن، يىگىتتەك ياشايمەن مەغرۇر،
چۈنكى بۇ يىگىتلىك ھەممىدىن قىممەت!

# ئەسسالام، خوتەن

**سۇلايمان ھوشۇر**

ئەسسالام، ئېھ... خوتەن، تىنىمسىز شەھەر،
ئەسسالام، ئادەملەر - چېھرىلەر قەمەر،
ئەسسالام، رەستىلەر، ھەر تۈرلۈك ھۈنەر،
ئەسسالام، مېۋىلەر — شەربەتلەر تۆكەر،
جۈپ قولۇم كۆكسۈمدە سىلەرگە سالام.

× ×

سالامنى ئىلىك ئال ساھىبخان خوتەن،
يېشىلدى ئاخىرى دىلدىكى تۈگۈن.
ئىنتىزار ئىدى بۇ يۈرەك، جانۇ تەن،
ئاھ... كۆردۈم، شادلاندىم مانا مەن بۈگۈن!

لىققىدە ئادەمگە تولۇپتۇ كوچا،
ھۆسنىگىنى بېزەپتۇ ئېگىز بىنالار...
كۆجۈملۈك، ئاۋاتلىق بازارغا خوجا،
«گۆش گىردە! ئاشگۆش!» دەپ ياڭرار سا-
دالار

رەستىلەر، گۈزەلەر قىزىپتۇ ھاي - ھاي!
چوغدا زىخ كاۋابى كۆيىدۇ ۋىژ - ۋىژ.
بىر يېدىم، ئون يېدىم... تېتىدى ۋاي - ۋاي!
مەن يېدىم، ئۇ يېدى — خېرىدار مىژ - مىژ...

سودىگەر كوچىسىدا بولدى گاڭگىراش،
قايىققا قارىسام ئادەملەر قىسىل.
سودا ۋە سېتىقلار شۇنچە ئالدىراش،
ماللارنىڭ تۈرى كۆپ ھەممە بەك ئېسىل،

گىلەمدەك بويۇڭنى قىلدىم زىيارەت...
بېلىق بوپ سۈيۈڭگە ئۈزدۈم، چۆمۈلدۈم.
ھېس قىلدىم ئۆزۈمنى شۇنچىلىك راھەت،
ماۋۇقتەك قۇملاردا ئېغىناپ، كۈلدۈم.

ئەجەب كۆركەم، گۈزەل مەنزىرە،
ئەجەب سىرلىق ئىكەن بۇ ۋادا.
بەرگەنمىكىن، - دېدىم خوتەنگە،
گۈزەللىكنىڭ ھەممىنى خۇدا؟...

× ×

خەير-خوش، ئىھ خوتەن — قەدىمكى شەھەر،
بۇ كۆڭلۈم قېپقالدى مەن بولدۇم كېتەر.
خەير - خوش، ياخشى قال، يەنە بىر سالام،
يۈرىكىم ئۇنۇتماي سېنى ياد ئېتەر.

# ئالماشقان سۆيگۈ

**مەتقۇربان مەتروزى**

سەن باشلىدىڭ ئارزۇيۇمغا ئاچچىق ھېس،
بۇ خورلۇقتىن، كۆزۈمگە ياش ياماشتى.
بىر چاغ ئىدىڭ خىيالىمدا گۈل - نەرگىس،
شۇ ئوبرازىڭ دەل ئەكسىگە ئالماشتى.

سەلكىن ئىدىڭ، ئۇ چاغلاردا يېقىملىق،
ئېپىكلەتتىڭ گۈل ھىدىنى نېمىچۈن؟
ئېيتقىن قېنى، شۇ مېھرىڭنىڭ تۇيغۇڭنى —
ئۇپقالدىڭ ئەمدى بەرمەي، كىم ئۈچۈن؟

سەن باشلىدىڭ ئارزۇيۇمغا ئاچچىق ھېس،
دەسسەتتىڭغۇ، مۇھەببەتنى توزاققا!
ئېچىشتۇردى كۆزلىرىمنى تۈتەك - ئىس،
ساڭمۇ بار بۇ ھال، قالماس ئۇزاققا...

# «پاياندار» ستونىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

## پاياندازدا قالغان ئىزلار

**مەتقۇربان ئىسمايىل**

ساۋاب ئىككەن يوللارنى ساپ، كۆۋرۈك سالغان،
ئامان ئىككەن ئەلدىن دائىم ئالقىش ئالغان.
ئەل قەلبىدە جۇش ئۇرماقتا زور ھاياجان،
شۇ ئالقىشتىن يارالدى بىر يېڭى داستان.
ئەجرى بىلەن ئۆرنەك بولدى خەلقىمىزگە،
يوللار ئېلىپ، كۆۋرۈك سېلىپ نۇرغۇن پالۋان.
پالۋانلار نامىنى مەن ئالسام تىلىمغا،
يۈرىكىمدىن چىقتى ئۇرغۇپ شېئىرىي فونتان.
بارچە خەلق بىر گەۋدە بوپ تۆككەچكە تەر،
تاغ باغرىدا ئاسفالت يول بولدى راۋان.
ئاسانلاشتى يىراقلارغا سەپەر قىلىش،
بىر نىيەتتە جەڭ قىلغاچقا قازاندۇق شان.
مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا تاغقا كۆچۈپ،
تاغلىقلارمۇ بېيىش ئۈچۈن تاپتى ئىمكان.
ئىشقا ئېشىپ خەلقىمىزنىڭ چىن ئارزۇسى،
چاقار - نۇرى يوللىرىدا ئۇچتى كارۋان.
خۇشاللىققا چۆمدى بۈگۈن بۇندا بارچە.
چېچەك ئاچقاچ دىللاردىكى بۈيۈك ئارمان.
ئاڭلا جاھان چىن ئىشقىنى يولغا بەرگەن،
پالۋانلار شەرىپىنى قىلاي بايان.

1

دېيىشمەكتە سۆيۈنۈشتە جەمى كىشى،
غوپۇر ۋالىي ھەققەتەن يول ۋالىيسى.
خەلق شۇنداق ئۇنۋان بەردى بۇ رەھبەرگە،
ئۇشبۇ ئۇنۋان ئۇنۋانلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى.

يول ئارقىلىق ئالمىشىدۇ مەھسۇلاتلار،
يول ئارقىلىق تويلىشىدۇ دىلى شادلار.
يول ئارقىلىق گۈللىنىدۇ يۇرت ۋە ماكان،
يول ئارقىلىق يادلىنىدۇ مەشھۇر زاتلار.

ۋالىي بولسا شۇنداق بولسا، ئەلنى سۆيسە،
ئەل ئىشقىدا ئەنە شۇنداق پىشىپ كۆيسە.
يول ياسىسا، كۆۋرۈك سالسا، ئەل سۆيۈنسە،
خەلق بېرەر ھۆرمەتلىك نام، چاچار ئۈنچە.

2

قوماندان بوپ مۇدىرىمىز مەتنۇرى ئەخمەت،
ماڭدى باشلاپ سەپ ئالدىدا جەڭچىلەرنى.
تاغ باغرىدا ئەل بىلەن تەڭ داۋان يېرىپ،
بەخت يولى ياساش ئۈچۈن تۆكتى تەرنى.

چىرا - نۇرى ئارىلىقىدا ئويغاندى چۆل،
يول ياساشنىڭ ھەيۋەتلىك جەڭ ساداسىدىن.
ئەلنى باشلاپ زەپەر قۇچتى مۇدىرىمىز،
قورقماي چۆلنىڭ قۇم - بورانى جاپاسىدىن.

ئاسفالت يول پۈتتى ئاخىر، شادلىقتا ئەل،
ياشناڭ دېدى مەھەممەت نۇرى ئەخمىدىنى.
يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن ياغدۇرۇشۇپ،
سۆيۈنۈشتە ئاڭا چەكسىز رەھمىتىنى.

3

بۇ خوتەندە يوللار ياساپ، كۆۋرۈك سېلىپ،
ئەل رىشتىنى چاتقان ئۇلۇغ بىر كىشى بار.
ھاجىتىنى راۋا قىلىپ كارۋانلارنىڭ،
شانۇ شەرەپ تاپقان ئۇلۇغ بىر كىشى بار.

ئىسمى ئۇنىڭ غەيرەت ئابلا، شانلىق نامى،
ئەل قەلبىگە ئۆچمەيدىغان نەقىش بولدى.
ئېيتتى دىلدىن ئاڭا خەلق رەھمىتىنى،
يۈرىكىدىن ياغدۇرغىنى ئالقىش بولدى.

چىرا - نۇرى يوللىرىدا بۇ كىشىنىڭ،
تۆككەن تېرى، باسقان ئىزى، ئەجرى قالدى.
قىلىپ بېرىپ خەلق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش،
ئەلدىن ئالىي ھۆرمەت بىلەن ساۋاب ئالدى.

# كەل يۇلتۇزۇم

**مۇتەللىپ سەيپۇللا**

1

تىنىق كۆكنىڭ پەرىسى ئىدىڭ،
ئۇچتۇڭ ئەجەب نۇرلۇق يۇلتۇزۇم.
ئىزىڭ تامان يول ئالدى قەلبىم،
تىندى يۈرەك، يۇتتى كۆز نۇرۇم.

بىلەلمىدىم نېمە قىسمەت بۇ،
سىنىماقچى بولدۇڭمىكىن يا؟
تۈن ئىلكىدە قالدىم تەمتىرەپ،
كۆرۈنمىدى ماڭا نۇر - زىيا.

2

بىلدىم مېنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزۇم،
بوپ كېتىپسەن باشقىغا ھەمراھ.
سەن ئېيتىشىڭغا تاج ئىدىڭ ئەپسۇس،
ياتلار سېنى چاغلاپتۇ خەس، ئاھ ...

كۆزلىرىڭدە ياش لىغىرلايدۇ،
ئاشۇمىدى سېنىڭ كۆتكىنىڭ.
تاشلاپ مېنى، ياشلاپ كۆزۈڭنى،
شۇنداقمىدى سېنىڭ ئۆچكىنىڭ.

كەل يۇلتۇزۇم كېچىكسەڭمۇ كەل،
باغرىم ساڭا يەنىلا ئوچۇق.
ئۆرتەنمىسۇن پۇشمانىدا دىلىڭ،
يانغىن يەنە چاچقىن نۇر - يورۇق.

◁〰〰〰〰〰〰〰〰〰▷

## تەلپۈنۈش

**ئابدۇكېرىم ھاپىز**

قاپقارا ساچلىرىڭ تۈم قارا كېچە،
ئاھ، ئۇندا ئەگىم ئاي قىياقتەك قېشىڭ.
پارلايدۇ لېۋىڭدە تاتلىق بىر كۈلكە،
ئوت سالدى يۈرەككە ئىللىق بېقىشىڭ.
تـىـپـتـىـنچ قەلبىمنى قىلىپ مالىمان،
نېمىشقا يولۇقتۇڭ ماڭا ئوماق قىز؟
مېنى دىل ئۆيۈڭدە قىلمىساڭ مېھمان،
مەن ئەمدى ياشايمەن قانداق سېنىڭسىز؟!

◁〰〰〰〰〰〰〰〰〰▷

## پەزىلەت ناخشىسى

**يالقۇن ئۆمەر**

پۇل - مالنى دەپسا تمايمەن غۇرۇرۇمنى - ئارىمنى،
ھەقىقەتكە، پاكلىققا بېغىشلايمەن بارىمنى.
ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالار يۈكسەك دىيانەت،
غۇبارسىز پاك قـەلبلەر چېكىدۇ دىل تارىمنى.
چىنلىق ھەمدە راستچىللىق زۆرۈر ماڭا ئاش، ناندىن،
رەڭۋازلىق ھەم ساختىلىق قوزغار ئاھۇ زارىمنى.
ساداقەت، چىن ۋاپانى ئۆلچەم قىلىپ ھەر ۋاقىت،
ياخشىلاردىن تـاللايمەن ۋاپادار دوست - يارىمنى.
قورقۇپ تەشۋىش ئىچىدە ھەقىقەتتىن تايمايمەن،
راسـتلىسىمۇ تەلۋىلەر مېنىڭ ئەجەل دارىمنى.
پەزىلەت، پاك ھايانى كۈيگە قېتىپ ياشايمەن،
غەيرىي ئوي - ھېس تارتالماس دىل مەيلىمنى، كارىمنى.
يۈكسەك ماڭا ئادالەت ئۆمرۈم بويى ھەممىدىن،
ئاڭلا جاھان، ئاڭلا ئەل شۇ بۇ خىتاب - جارىمنى!

# ئەقلىيە سۆزلەر

## ئاباي قۇنانباي ئوغلى

(بېشى ئۆتكەن سانىدا)

بالىلارنى ئوقۇتقانمۇ ياخشى، لېكىن قولچىلىق قىلالىغۇدەككىنە، تۈركىينى تونۇغۇدەككىنە ياخشى ئوقۇسا بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەر (دۇنيا) دار خاراب، بۇ يەردە ئاۋۋال مال تېپىش كېرەك، ئاندىن كېيىن ئەرەبچە، پارسچە كېرەك. قارنى ئاچ كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئەقىل، ئۆزىدە ئىلىمغا ھەۋەس نەدە دەيسەن. يەپ - ئىچىشكە مالىنىڭ يېتىشمەسلىكىمۇ، ئاغىنىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمۇ ھەر تۈرلۈك بالاغا — ئوغرىلىق، زورلۇق، قۇۋلۇق، غەرلىككە ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆگىتىدىغان نەرسە. مال تاپسا قورساق تويىدۇ، ئاندىن كېيىن بىلىم تۇرماق ھۈنەرمۇ كېرەك ئىكەن، شۇنى ئۆگىنەي ياكى بالامغا ئۆگىتەي دەپ ئېسىگە چۈشىدۇ. ئورۇسچە ئوقۇش كېرەك، ھېكمەتمۇ، مالمۇ، ھۈنەرمۇ، ئىلىممۇ، ھەممىسى ئورۇستا تۇرىدۇ. زىيىنىدىن يىراق بولۇپ، پايدىسىغا ئورتاق بولۇشقا، تىلىنى، ئوقۇشنى، ئىلمىنى بىلمەك كېرەك. ئۇنىڭ سەۋەبى: ئۇلار دۇنيانىڭ تىلىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەرىجىگە يەتتى. سەن ئۇنىڭ تىلىنى بىلسەڭ كۆڭلۈڭنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. ھەر كىمنىڭ تىلىنى، ھۈنىرىنى بىلگەن كىشى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىك داۋاسىنى قىلالايدۇ، ئارتۇقچە ئۇياتسىزلىق بىلەن يالۋۇرمايدۇ. دىنگىمۇ ياخشى بىلگەن كېرەك. كۆڭلىنى ئالسام ئىكەن دەپ يورغىلاپ يۈرگەن نادان ئاتا - ئانىسىنى، ئاغىنىلىرىنى، يۇرتىنى، دىنىنى، ئادەمگەرچىلىكىنى غولىغا بىر ئۇرۇپ قويغانغا ساتىدۇ. پەقەت «مايۇرنىڭ كۆلگىنى كېرەك» دەپ، كەينى ئوچۇق قالسىمۇ غەم يېمەيدۇ. ئورۇسنىڭ ئىلمى، ھۈنىرى — دۇنيانىڭ ئاچقۇچى، ئۇنى بىلگەنگە دۇنيا ئەرزانراق چۈشىدۇ. لېكىن مۇشۇ كۈندە ئورۇس ئىلمىنى بالىسىغا ئۆگەتكەن جانلار شۇنىڭ كۈچى بىلەن يەنە قازاقنى مارىسام ئىكەن دەيدۇ. ياق، ئانداق نىيەت كېرەك ئەمەس. قانداق ھالال ئەمگەك قىلغاندا مال تاپقىلى بولىدىكەن، شۇنى ئۆگىنەي، مېنى كۆرۈپ، باشقا ئۆگەنگۈچىلەر كۆپەيسە، ئۇلۇغ بولغان ئورۇسلارنىڭ، خەلقنىڭ ھەممىسىگە بىردەك قانۇنى بولمىسا، قانۇنسىز خورلىنىشقا كۆنمەس ئىدى. قازاق خەلقى ئۈستىدە ساقچى بولاي، بىزمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش بولۇپ، خەلق بىلگەننى بىلىپ خەلق قاتارىغا قوشۇلۇشنىڭ غېمىنى يەيلى دەپ نىيەت قىلىپ ئۆگىنىش كېرەك. ھازىرغىچە ئورۇسچە ئوقۇغان بالىلاردىنمۇ ئارتۇقچە ياخشى كىشى چىقالمايۋاتىدۇ. سەۋەبى، ئاتا - ئانىسى، ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەر تەرەپتىن بۇزۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ ئوقۇغان بالىلار، ھېلىقى ئوقۇمىغان قازاق بالىلىرىدىن بىر قانچە ئىلگىرى. قانداق بولسىمۇ ئۇلارغا سۆز ئۇقتۇرۇشقا بولىدۇ. ياخشى ئاتىلارنىڭ بالىلىرىمۇ نۇرغۇن، لېكىن ئوقۇغىنى يوق. بەلكى كەمبەغەلنىڭ بالىسىنى خورلاپ، ئورۇسقا بەردى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلالىسۇن.

يەنە قايسى بىر قازاقلار ئاغىينىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا «سېنىڭ مۇشۇ قىلـغان زورلۇقۇڭغا، بالامنى سولداتقا بېرىپ، بېشىمغا چاچ، ئاغزىمغا بۇرۇت قويمىسام»دەيـدىغانىدى، مانا شۇنداق يامان سۆزنى خۇدادىن قورقماي، بەندىدىن ئۇيالماي ئېيتـقان قازاقنىڭ بالىسى ئوقۇغان بىلەن نېمە بولار ئىدى؟ شۇنچە قىلىپ باشقا قـازاق بالىلىرىدىن ئارتۇق ئۆگەنگىنى نېمە، قانچىلىك ئارتۇق ئـۆگىنىپتۇ؟ ئالدى قاچـتى، كەلدى ـ كەتتىدىن باشقا، ئوقۇشنىڭ كەينىگە مەھكەم كىرگەن بالىمۇ يـوق. دادىسى خەلقنىڭ ئاقچىسى بىلەن ئاران ئوقۇتىدۇ. ئۆز دۇنياسىنى نېمە ئۈچـۈن سـەرپ قىلـسۇن؟ توغرىسىنى ئويلىغاندا : بالاڭنى ئويلىما، ئۇنچىسىنى بۆلۈپ بەرمە، بـارىڭـنى سەرپ قىلساڭمۇ بالاڭغا ئورۇسنىڭ ئىلمىنى ئۆگەت. مۇشۇ مەن ئېيتقان يول مال ئاـيايدىغان يول ئەمەس. خۇدادىن قورق، بەندىدىن ئۇيال. بالاڭنى ئادەم بولسۇن دېـسەڭ ئوقۇت. مېلىڭنى ئايىما! بولمىسا بىر ئىـت قازاق بولۇپ قالغاندىن كـېيىـن ، ساڭا راھەت كۆرسىتەمدۇ؟ ئۆزى راھەت كۆرەمدۇ؟ ياكى خەلققە راھـەت كۆرسىتەمدۇ؟

## يىگىرمە ئالتىنچى سۆز

بىزنىڭ قازاقنىڭ چېپىشقا قوشقان ئېتى ئالدىدا كەلسە، چېلىشقا سالغان بۇ كىـشى يىقىتسا، تۆلكىگە سالغان قۇشى ئالسا، تايغىنىنى باشقىلاردىن ئۆتۈپ بېرىپ تۇتـسا مەز بولۇپ (لەززەتلىنىپ) بىر خۇشال بولىدۇ. بىلمەيمەن، شۇنىڭدىـن ئـارتۇق خۇشاللىق بولامدىكىن؟ ھەي، يوق بولسىمۇ ئېھتىمال! شۇ خۇشاللىقنىڭ ھەممىسى قاـزاق قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىدا، بىر ھايۋاننىڭ ئىشى ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر باشقا ئادەمنىڭ يېقىتقىنى ئۈچۈن ماختىنىشقا قانداق ئورۇن بار؟ ئۆتۈپ كەتكەن، ئالغان، يىقىتقان ئۆزى ئەمەس، ياكى بالىسى ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى قازاقنىڭ قازاقتىن باشقا دۇشمىنى يوق، كىچىككىنە بىر ئىشقا، بىر چوڭ ئىش قىلغان كىشىدەك خـۇشال بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسەم (ئىچـىنى ئـاداتـسام) دېمەكتۇر. بىراۋنى رەنجىتمەك شەرىئەتتە ھارام، ئىرىكچىلىككە زىيان، ئەقىلغا سىغمايدۇ. بىكاردىن بىـراۋنى رەنجىتىشنىڭ نېمىسىنى ئارتۇق كۆرۈپ، خۇشال بولىدىكەن، بولمىسا يا رەنجىگەن ئادەم ئۇنىڭ نېمىسىگە رەنجىيدىكەن؟

ئىلدام ئات گايىدا ئۇ ئەلدە (يۇتتا)، گايىدا بۇ ئەلدە بولىدىغان نەرسە، قىران قۇش ، يۈگرۈك ئىت گايىدا ئۇنىڭ قولىدا، گايىدا بۇنىڭ قولىدا بولىدىغان نەرسە ، بۆكەن دېگەنمۇ ھەمىشە بىر ئەلدىن چىقىۋېرەمدۇ ؟ گايىدا بۇ ئەلدە، گايىدا ئۇ ئەلـدە تۇغـۇلىدىغان نەرسە. بۇنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ئۆز سەنئىتى بىلەن ياسىغىنى يوق، بىر ئۆزۈپ چىققان ھەمىشە ئۆزۈۋېرەمەيدۇ، بىر يىقىتقان ھەمىشە يىقىتىۋېرەمەيدۇ. ماـنا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭ نېمىسىگە بىر ھاراملىقى يـاكى بىر يامانلىقى ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك قارا يەرگە كىرگۈدەك تومۇسلىنىدىكەن،خورلىنىـدىكەن،

ئەمدى مۇشۇلاردىن بىلىنگىنىز بولىدۇ: نادان خەلق خۇشال بولمايدىغان نەرسىگە خۇشال بولىدۇھەمخۇشال بولغاندا نېمە دەپ، نېمە قويغىنىنى ئۆزى بىلمەي بىر تۈرلۈك

(ئاخىرى 53- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئۆتكەن يىلى كۈزدە خوتەنگە كېلىپ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە شەھەر ئىچىدە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ژۇرنال خىزمىتى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.





( سىدىق قاۋۇز فوتوسى )



پېشقەدەم ئەدىب ئابدۇقادىر مەھەممەدى مەرھۇم
يازغۇچى تۇردى سامساق بىلەن بىللە
(1985-يىل خوتەن)

# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى

*NEW JADE LITERATURE*


1993 年第二期（双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092.1/16,6.25 张
国内外统一刊号：
ISSN 1002 — 929X
CN 65—1088/1
代 号：58 — 26

电话：23792
定价：0.60 元

1993 - يىل 2 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929X
CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 26 - 58

تېلېفون نومۇرى: 23792
باھاسى: 0.60 يۈەن